# قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ژۇرنىلى

2

1988

AltunOq

# تارىخىي ئىزلار



قايتا ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن مۆلچەر تاغ قەلئەسى

تۆنىياز مەتنىياز فوتوسى

# قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ژۇرنىلى

1988-يىل 2 - سان (ئومۇمىي 29- سان)

باش تەھرىر: چوك ھاجى                مۇئاۋىن باش تەھرىر: جاپپار روزى


---

## مۇندەرىجە


ئامېرىكىنىڭ شىتاتقا قاراشلىق ئالىي مەكتەپلىرى
ئەھۋالى ۋە مېنىڭ ھېس قىلغانلىرىم
.................................. چوك ھاجى (2)

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىللىنىزملىق مەدەنىيەت
.................................. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن (17)

«قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى
.................................. يۈسۈپ ھۈسەيىن (38)

تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت
.................................. تۇرغۇن ئالماس (53)

پېنگاردىكى مەشھۇر قەدىمىي يادىكارلىق ۋە
تارىخىي ئىزلار .................................. ئىبرايىم نىياز (71)

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر
ھەققىدە بايان .................................. ئەركىن ئابدۇرېھىم (79)

رەۋىشلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى .................................. ئەركىن بارات (87)

ئۆمەر ھەييام ۋە ئۇنىڭ «رۇبائىيات» دىۋانى
.................................. ئالىمجان رەجەپ (93)

ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى ئۈچ مەشھۇر
ئەسەر ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەسىرى...... كېرىمجان ئابدۇرېھىم (102)

كوممۇنىزم ھەرىكىتى قۇرۇق سۆزگە ئەمەس، بەلكى
ئەمەلىيەتكە تايىنىپ راۋاجلىنىدۇ.............. غېنى ھاجى (113)

«ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» پروگراممىسى .................................. (118)



مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مۇھەممەت تۇرسۇن

بۇ ساننىڭ مەسئۇل كوررېكتورى روزاخۇن سىدىق

www.uyghurkitap.com



# ئامېرىكىنىڭ شتاتقا قاراشلىق ئالىي مەكتەپلىرى ئەھۋالى ۋە مېنىڭ ھېس قىلغانلىرىم

( زىيارەت خاتىرىسى )

چوڭ ھاجى

تەھرىردىن: مەكتىپىمىزنىڭ مۇدىرى يولداش چوڭھاجى دۆلەت مائارىپ كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان جۇڭگو ئالىي مەكتەپ مۇدىرلىرى ئۆمىكى تەركىبىدە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا بىرئايغا يېقىن زىيارەتتە بولدى. يۈكسەك تەرەققىي تاپقان سانائەت دۆلىتىنىڭ ئالىي مائارىپ ئەھۋالىنى بىۋاستە كۆرۈش، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇش — تۈرلۈك سەۋەبلەرگە كۆرە، مەكتىپىمىز ئۈچۈن تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئاپتور ئا ق ش دىكى زىيارەت مەزگىلىدە، ئۆز ئىمكانىيىتىگە يارىشا، شتاتقا قاراشلىق ئالىي مەكتەپلەر (جۈملىدىن قىسمەن ئوتتۇرا مەكتەپلەر) ئەھۋالىنى ھەر تەرەپتىن ئىنچىكە كۆزىتىپ، تەكشۈرۈپ، مەزمۇن جەھەتتە كەڭ دائىرىلىك زىيارەت تەپسىلاتىنى يېزىپ چىققان ھەمدە بىزنىڭكىگە قوشۇپ، ئامېرىكىنىڭ شتات ئالىي مائارىپىدىكى ئەينەك قىلىشقا بولىدىغان تەجرىبە - ساۋاقلار ئاساسىدا، مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرى ھەققىدە ئۆزىنىڭ بەزى ئىجابىي قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن، ئا ق ش نىڭ ئالىي مەكتەپ ئەھۋالىنى چۈشىنىش ۋە مەكتەپ باشقۇرۇشنى ياخشىلاشتا بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن يەنە ئالىي مەكتەپلىرىمىزدىكى ھەر قاتلام باشقۇرۇش خادىملىرى ئۈچۈن ياخشى پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ.

مەن 1987 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە جۇڭگو ئالىي مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىش ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە ئامېرىكىدا 24 كۈن زىيارەتتە بولدۇم.



AltunOq

مەملىكەتلىك مائارىپ كومىتېتى مۇشۇ قېتىمقى زىيارەتكە قاتنىشىشقا شىن-
جاڭغا بىرسان بەرگەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، مائارىپ كومى-
تېتى مەكتىپىمىزنىڭ خىزمەتلىرىنى بىر قەدەر ياخشى، بولۇپمۇ مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىقىدا ئۈلگىلىك ياخشى دەپ قاراپ، بۇ ساننى مەكتىپىمىزگە بەردى ھەمدە
مېنىڭ بېرىشىمنى بەلگىلىدى. بۇ مەكتىپىمىزگە، ماڭا قىلىنغان زور غەمخورلۇق
ئىلھام ۋە مەدەت. مەن مەكتەپ پارتكومى، كەڭ ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچى، ئوقۇغۇچىلار نامىدىن
مەملىكەتلىك مائارىپ كومىتېتىغا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋە
مائارىپ كومىتېتىغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن !

مەكتىپىمىز خىزمىتىدىكى نەتىجىلەر مەكتەپ پارتكومى رەھبەرلىكىدە ھەر
دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، كەڭ ئوقۇتقۇچىلار، خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلار-
نىڭ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى مەكتىپىمىزدە تىرىشىپ
ئىزچىللاشتۇرغانلىقىدىن قولغا كەلگەن. مەن بۇ يەردە مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇتۇشنى
مەركەز، ئىتتىپاقلىقنى ئاساس، ئىسلاھاتنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، سىياسىي
خىزمەت ۋە ئارقا سەپنى كاپالەت قىلىپ، بارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشتىن
ئىبارەت باش فاڭجېنى بويىچە خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا جان
پىدالىق بىلەن ئىشلىگەن بارلىق يولداشلارغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن!

## 1

جۇڭگو ئالىي مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىش ئۆمىكىنى
ئامېرىكا شىتاتقا قاراشلىق ئېيزنخاۋېر ستىپېت — ئىنستىتۇتلار جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپى
بويىچە جۇڭگو مائارىپ خەلقئارا ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى تەشكىللىدى.

ئۆمەك گەنسۇ، چىڭخەي، يۈننەن، شىنجاڭ، سەنشى قاتارلىق جايلاردىكى ئا-
لىي مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرى، گەنسۇ، چىڭخەي، يۈننەن قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم
رايونلارنىڭ مائارىپ كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ، جەمئىي 15 كىشىدىن تەر-
كىب تاپتى. ئۆمەككە جۇڭگو مائارىپ خەلقئارا ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ مۇ-
ئاۋىن باشلىقى يولداش جاڭۋېي باشلىق، شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىجرائىيە ھەيئىتى ۋە باش كاتىپى
گېڭشۇچىن، لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى لوروڭلىن مۇئاۋىن باشلىق بولدى.

ئۆمەك ئەزالىرى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا
مۇناسىۋەتلىك ئىشلار توغرىسىدا ئۆگىنىش قىلدۇق. 5 - كۈنى مەملىكەتلىك ما-
ئارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جوكېيچۈن قوبۇل قىلىپ، ئۆمەكنىڭ تەشكىللىنىش
ئەھۋالى، مەخسىتى، ۋەزىپىسى، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ھەققىدە مۇھىم سۆز قىلدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭدىن ئايرو-

پىلان بىلەن يولغا چىقىپ شاڭخەيدە توختاپ، شاڭخەيدىن سائەت ئىككى يېرىمدا (بېيجىڭ ۋاقتى) يولغا چىقىپ 10.5 سائەتتە 10 مىڭ 500 كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ 7-چىسلا ئامېرىكا ۋاقتى ئەتىگەن سائەت سەككىز يېرىمدا سان پىرانسىسكوغا يېتىپ باردى. سان پىرانسىسكودا ئۈچ كۈن سەيلە-ساياھەت قىلغاندىن كېيىن، شىمال ۋە جەنۇبتىن ئىبارەت ئىككى يولغا ئايرىلىپ زىيارەت قىلدى. شىمالىي يولدىكىلەر، شىمالىي داكوتا، مىننېسوتا، ئىندىيانا، ئاركانزاس شىتاتلىرىدىكى 9 شىتاتقا قاراشلىق ئالىي مەكتەپتە زىيارەتتە بولدى. مەن مۇشۇ شىمالىي يولدىكىلەر بىلەن بىرگە زىيارەت قىلدىم.

جەنۇبىي يولدىكىلەر كولورادو، تېننېسسى، نيوجېرسى، لويىس ئاننا شىتاتلىرىدىكى شىتاتقا قاراشلىق 14 ئالىي مەكتەپتە زىيارەتتە بولدى.

11-ئاينىڭ 22-كۈنىدىن 24-كۈنىگىچە ئۈچ كۈن بارلىق ئۆمەك ئەزالىرى ئامېرىكا شىتاتقا قاراشلىق ئۇنىۋېرسىتېت — ئىنستىتۇتلار جەمئىيىتىنىڭ يېڭى ئورلېئان شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 27-نۆۋەتلىك يىللىق يىغىنىغا قاتناشتى. بۇ يىغىنغا ئىتالىيە، مىسىر، نىگېرىيىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى كېلىپ قاتناشتى. شىمالىي، جەنۇبىي يولدىكىلەر مۇشۇ جايدا بىرلەشتۇق. كېيىنكى ۋاشىنگتون، نيو-يوركتىكى سەيلە-ساياھەتتە پۈتۈن ئۆمەك بىرگە بولدۇق.

ئامېرىكا تەرەپ ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ زىيارىتىگە بىر قەدەر كۆڭۈل بۆلدى. زىيارەت مەزگىلىدە ئامېرىكا شىتاتقا قاراشلىق ئۇنىۋېرسىتېت — ئىنستىتۇتلار جەمئىيىتى ۋە بارغان مەكتەپلەرنىڭ قىزغىن دوستانە كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ رەئىسى ئالون دابىيو ئائۈستا ئالاھىدە سان پىرانسىسكوغا كېلىپ ئايرودرومدا كۈتۈۋالدى. ئۆتكەن يىلى 6-ئايدا جەمئىيىتىمىزنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن جۇڭگودا زىيارەتتە بولغان ئالىي مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ ھەممىسى ئايرودرومغا چىقىپ بىزلەرنى كۈتۈۋالدى ۋە شۇ جايدىكى زىيارەتتە بىز بىلەن باشتىن-ئاخىر بىللە بولدى. ئالىي مەكتەپ مۇدىرلىرى بىزنى قارشى ئېلىش يىغىنىدىن ئۇيۇشتۇرغان زىياپەتلىرىگە يەرلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، سودا-سانائەت ساھەسىدىكى ئەربابلار، جەمئىيەتتىكى مەشھۇر كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىپ قاتناشتۇردى. كەڭ پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەردى. شىتاتلارنىڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى، گېزىتخانىلىرى ئۆمىكىمىزنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدى. ئۆمەك باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى كۆپ قېتىم زىيارەت قىلدى. ئۆمەكنىڭ پائالىيىتى، ئۆمەك باشلىقلىرىنى زىيارەت قىلىش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى تېلېۋىزىيە، گېزىتلەردە ئەينەن خەۋەر قىلدى. گېزىتلەردە پائالىيەت رەسىملىرى بېرىلدى. شىمالىي داكوتا شىتاتىنىڭ گېزىتى پۈتۈن بىر بەتنى ئۆمىكىمىز-

نىڭ زىيارەت قىلىش جەريانىدىكى رەسىملىرىنى باستى. كۆپلىگەن ئۇنىۋېرسىتېتلار ئۆمىكىمىزنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن مەخسۇس ھەيئەتلەرنى قۇرغان، لوئىس ئانا شىتاتىنىڭ ئىزدا 5 قېتىم سايلانغان بىر نەپەر ئىتتىپاق ئاۋام پالاتا ئەزاسى 100 كىشىلىك زىيارەت ئۆمىكى تۈزۈپ ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنى كۈتۈۋالدى. ئاركانزاس شىتاتى، شىمالىي داكوتا شىتاتى، مىننېسوتا شىتاتىنىڭ شىتات باشلىقى ياكى شىتات باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى قوبۇل قىلدى. ئاركانزاس شىتاتىنىڭ مىتاسىرو شەھىرىنىڭ باشلىقى ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ شىمالىي يولدىكىلەرگە بىردىن شەرەپلىك شەھەر ئاھالىسى گۇۋاھنامىسى تەقدىم قىلدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز ئامېرىكىدا زىيارەتتە بولغان مەزگىلدە يۇقىرى ئۆلچەم بىلەن كۈتۈۋېلىندى. چۈنكى بىز قېتىم زىيارەت قىلغان مەكتەپلەر ھەر قايسى شىتاتلاردىكى شىتاتقا قاراشلىق مەكتەپلەر بولۇپ ئۇلار ئوتتۇرا كىچىك شەھەرلەرگە جايلاشقان. بىز يەرلەرگە ئىلگىرى جۇڭگو زىيارەت ئۆمەكلىرىنىڭ بېرىشى ئاز، ھەتتا بەزىلىرىگە بېرىپ باقمىغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار مەملىكىتىمىزدە زىيارەتتە بولغاندا جەمئىيىتىمىز، ئالىي مەكتەپلىرىمىز قىزغىن دوستانە كۈتۈۋېلىپ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. ئۇلار قىزغىنلىق ۋە دوستلۇققا جاۋاب قايتۇرۇشنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەڭ مۇھىمى ئامېرىكىلىقلاردا يۇقىرى، تۆۋەن ھاكىمىيەت تۈزۈلگەن، تۈزۈمدارلار ئومۇمىيۈزلۈك ئامېرىكىنىڭ مائارىپ ساھەسىدە خەلقئارا باردى-كەلدى قىلىشنىڭ ئاز بولۇشى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ چەت ئەل تىلى سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، ئۆزىنىڭ خەلقئارادىكى رىقابەت ئورنىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، خەلقئارا باردى - كەلدى قىلىشنى كېڭەيتىش، جۈملىدىن جۇڭگو مائارىپ ساھەسى بىلەن ئۆز-ئارا ئالاقە قىلىشنى كۈچەيتىشكە ئالدىرىماقتا.

ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ شۇنچىلىك قىزغىن دوستانە كۈتۈۋېلىنىشقا ئېرىشكەنلىكى ئۇلاردىكى مۇشۇ ئىنتىلىشنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان، كۈتۈۋېلىش- ئېشىش ئارزۇسىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى كونكرېت ئىپادىسى. تېخىمۇ چوڭقۇرراق ئويلىغاندا زىيارەت پارتىيىمىزنىڭ 13 - قۇرۇلتىيى ئەمەلدە ئاخىرلاشقان پەيتتە ئېلىپ بېرىلدى. بۇلتۇر 1 - ئايدىكى ئوقۇغۇچىلار دولقۇنىدىن كېيىن خەلقئارادا بەزى ئىزغۇشما سالماقلار پەيدا بولغان ئىدى. 13 - قۇرۇلتاينىڭ غەلىبىسى جاۋزىياڭ زوڭ شۇجىنىڭ دوكلاتى خەلقئارادىكى دوست ئەرباب، تەرەققىيپەرۋەر ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە بەك ياقتى. ئامېرىكا جامائەتچىلىكىنىڭ قۇرۇلتاي روھىغا بولغان ئىنكاسى ياخشى بولدى. ئۇلار خاتىرجەم بولدى. دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھاتقا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى. بىز زىيارىتىمىزنىڭ شۇنچىلىك قىزغىن، دوستانە بولۇشىنى بەلگىلىگەن چوڭ «كىلىمات»-تىن پايدىلىق شارائىتتۇر.

ئەلگىرى ئامېرىكىغا ئادەم سانى بىر قېتىمدىكىدەك كۆپ بولمىغان ماارىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن ۋەكىللەر بارغان، بىراق ئۇلارنىڭ زىيارىتى پەقەت ئامېرىكىنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىكى ئاتاقلىق ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىلا بولغان. بۇ قېتىمقى زىيارەتتە بىزنىڭ ئەكسىچە ئامېرىكىنىڭ شتاتقا قاراشلىق ئوتتۇرا، كىچىك شەھەرلىرىدىكى ئالىي مەكتەپلىرى زىيارەت قىلىندى. بۇ خىلدىكى ئالىي مەكتەپ-لەرنىڭ شۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئەھۋالىغا قارىتا دەسلەپكى چۈشەنچە ھاسىل قىلىندى. ئامېرىكىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى بويىچە ئالىي مائارىپ ئىشلىرى، ئامېرىكا مائارىپىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە نىسبەتەن دەسلەپكى ھېسسىي تونۇش ھاسىل قىلىندى. ئۆمىكىمىز تەركىبىدە ئالىي مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە ئاز ساندا پارتكوم شۇجىلىرى بار ئىدى. ۋەكىللەر زىيارەت ئارقىلىق نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭەيگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئىدىيە جەھەتتىكى ئازادلىق ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مائارىپتا دۇنياغا يۈزلىنىش، كەلگۈسىگە يۈزلىنىش، زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يۈزلىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىگە بولغان تونۇش ئۆستى.

زىيارەت ئارقىلىق مەملىكىتىمىزدىكى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەر بىلەن ئامېرىكىنىڭ شتاتقا قاراشلىق ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئالاقىلىشىش ۋە ھەمكارلىشىشى ئۈچۈن مۇھىم ئاساس سېلىندى. كەنزاس، يىزنىەن، ئۆلكىلىرى ئامېرىكا شتاتقا قاراشلىق ئۇنىۋېرسىتېت-ئىنستىتۇتلار جەمئىيىتى بىلەن، لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى، سەنشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، چىڭخەي پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، خېبېي سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى زىيارەت قىلغان بەزى ئالىي مەكتەپلەر بىلەن ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئالاقىلىشىش ۋە ھەمكارلىشىش ھەققىدە مۇددىئا خاراكتېرلىك كېلىشىملەرنى تۈزدى. كۆپچىلىك بۇ قېتىمقى زىيارەت مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتتۇق دەپ قارىدى.

## 2

ئامېرىكا شتاتقا قاراشلىق ئۇنىۋېرسىتېت — ئىنستىتۇتلار جەمئىيىتى ئامېرىكىدىكى شتاتقا قاراشلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەسىرى كۈچلۈك، غەيرى ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مۇشۇ نۆۋەتلىك يىللىق يىغىنىدىن بۇرۇن شتاتقا قاراشلىق 372 ئۇنىۋېرسىتېت ئىنستىتۇتلار بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولغان. بۇ قېتىمقى يىللىق يىغىنغا قاتناشقان 34 ئالىي مەكتەپنى قوشقاندا ھازىر بۇ جەمئىيەتكە ئەزا ئالىي مەكتەپ 406 گە يەتكەن، بۇلتۇر 11 - ئايدىن بۇرۇنقى ستاتىستىكىغا قارىغاندا مەزكۇر جەمئىيەتكە قاراشلىق 372 ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى 3 مىليون بولۇپ ئامېرىكا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن، 1982 - يىلىدىكى

ئەھۋالنى مىسالغا ئېلىپ قارىساق، مەزكۇر جەمئىيەتكە قاراشلىق ئالىي مەكتەپلەر-
نىڭ باكالاۋر، ماگىستىر، دوكتور ۋە ئاكادېمىك قاتارلىق ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن
ئوقۇغۇچىلىرى پۈتۈن ئامېرىكا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ شۇ ئىلمىي ئۇنۋانغا
ئېرىشكەنلىرى ئىچىدە تۇتقان نىسبىتى 35%، 31%، 5%، 2% بولغان. بۇلاردىن
مەزكۇر جەمئىيەتكە قاراشلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئامېرىكا ئالىي مائارىپىدا،
ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشتە تۇتقان ئورنىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى
بولىدۇ، زىيارەت جەريانىدا مەزكۇر جەمئىيەت ۋە بىز بارغان مەكتەپلەرنىڭ تو-
نۇشتۇرۇشى، زىيارەتتە كۆرگەنلىرىمىزگە ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىنىڭ شتاتقا قاراش-
لىق ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئىنستىتۇتلىرى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

1. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دۆلەت باشقۇرغان. شتات ھۆكۈمىتىنىڭ
رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ، مەزكۇر جەمئىيەتكە قاراشلىق مەكتەپلەر كەسپىي
راسخوتىنىڭ 48% نى شتات ھۆكۈمىتى چىقىرىپ بېرىدۇ. راسخوتنىڭ قالغان قىس-
مىنىڭ كېلىش مەنبەيى ھەر خىل، ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرغان ئوقۇش
پۇلى، مەكتەپنىڭ تۈرلۈك ئەسلىھەلىرى ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەتتىن كىرگەن
كىرىم ھەمدە جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى، مەكتەپداشلار ئىئانە قىلغان
پۇلى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش راسخوتى شتات
ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ھەل قىلىنىدۇ.

2. مەكتەپلەرنىڭ كۆلىمى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجى شۇ رايوننىڭ
ئەھۋالىغا ئاساسەن بەلگىلەنگەن. چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشىمايدۇ. ئوقۇغۇچى سانى
3000 دىن تۆۋەنلىرى 27%، 3000 دىن يۇقىرى 6000 دىن تۆۋەنلىرى 29%، 6000 دىن
9000 غىچە بولغانلىرى 15%، 12000 دىن 15000 غىچە بولغانلىرى 7%، 15000 دىن
18000 غىچە بولغانلىرى 4%، 17000 دىن 21000 غىچە بولغانلىرى 2%، 21000 دىن
24000 غىچە بولغانلىرى 1%، 24000 دىن 37000 غىچە بولغانلىرى 2% نى ئىگىلەيدۇ.
بۇ، مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ 27% تى نوپۇسى 500 مىڭدىن يۇقىرى شەھەر-
لەردە، 28% تى نوپۇسى 500 مىڭدىن تۆۋەن شەھەرلەردە، 45% يېزىلاردا ئولتۇرۇش-
لۇق، بۇنداق كۆلەم ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش مەزكۇر جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق
مەكتەپلەرنىڭ مائارىپنى ئاممىۋىلاشتۇرۇش، دېموكراتىيىلەشتۈرۈش، تەربىيىلەنگۈچىلەرنى
تەڭ ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى تەكىتلىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

3. ئامېرىكىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك، ئوقۇش - ئوقۇ-
تۇش تۈزۈمى كۆپ خىل، جانلىق. بىز بارغان ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى-
ۋېرسال ئالىي مەكتەپلەر ئىكەن. چوڭراقلىرىنىڭ دائىرىسىدە يەنە ئىنستىتۇت-
لار بار ئىكەن، كىچىكرەكلىرى پاكولتېتلارغا بۆلۈنگەن. بۇ مەكتەپلەر ئاساسلىقى با-

كالاۋر ۋە ماگىستىرلارنى، ئاز ساندا دوكتور، ئاكادېمىكلارنى بىر قىسىم تېخنىك خادىملارنى تەربىيىلەيدۇ. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپكە كىرىش بىلەن ئالدىن تەبىئىي پەن ئىنستىتۇتى ياكى ئىجتىمائىي پەن ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كەسپىي ئىنستىتۇتلارغا، مەسىلەن: تېببىي ئىنستىتۇت ياكى مائارىپ ئىنستىتۇتلىرىغا كىرىدۇ. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىش بىلەنلا كەسپىي ئىنستىتۇتلارغا كىرىپ ئوقۇيدۇ. ئوقۇش مۇددىتىمۇ ئوخشاش ئەمەس، ئومۇمەن 4 يىللىق بولسىمۇ بەزى كەسپلەرنىڭ مۇددىتى ئىككى ھەتتا بىر يىل، بەزى كەسپلەرنىڭ 5 - 6 يىل، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق. ئوقۇغۇچىلارنىڭ $\frac{2}{3}$ قىسمى پۈتۈن كۈنلۈك، $\frac{1}{3}$ قىسمى بەلگىلەنگەن ئارقىلىق تۈزۈمىدە ئوقۇيدۇ. مەكتەپلەردە ئەڭ چوڭ ياشتىكىلەر ئوقۇيدىغان بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى چوڭراق. مەكتەپكە كىرىشتە ياش چەكلىمىسى قويۇلمايدۇ. كەسپ ۋە دەرسلەرنى تەسىس قىلىشتا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ بەزى ئالاھىدە كەسپ ۋە تېخنىك خاراكتېرلىك دەرسلەر تەسىس قىلىنغان، شىمالىي داكوتا شتاتىدىكى مىسون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدا بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ چارۋا ئۆلتۈرۈش، گۆشنى پارچىلاش ۋە پىرىيوم قىلىشنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. بۇلارنىڭ ئوقۇش مۇددىتى بىر يىل ئىكەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن گۆشنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش، گۆش سېتىش، پىرىيوم قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەيدىكەن. بۇ - شتاتلارنىڭ شتاتقا قاراشلىق ئالىي مەكتەپلەردىن شتاتنىڭ كۆپ خىل ئېھتىياجىغا ماسلىشىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنىڭ ئىنكاسى.

مەكتەپ باشقۇرۇشنىڭ كۆپ خىل شەكىل، كۆپ قاتلام بولۇشى ئامېرىكا ئالىي مائارىپىنىڭ گەۋدىلىك بىر ئالاھىدىلىكى ئىكەن. مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ رەئىسى ئائۇستا: ئامېرىكىدا ئوخشىمىغان ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان، ئوقۇش مۇددىتى، شەرت - شارائىتى ئوخشاش بولمىغان ئالىي مەكتەپ، كەسپلەر بار، ئۇ مەكتەپنى مۇھىم، بۇ مەكتەپنى مۇھىم ئەمەس دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈن مۇھىمدۇر. بۇ مەكتەپنىڭ خىزمىتىگە باھا بەرگەندە، بىز ئۇنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى قانداق ئورۇندىغانلىقىغا قارايمىز. ھەرگىز ئۇنىڭ باشقىلارنى دوراپ يۇقىرىغا ياماشقانلىقىغا قارىمايمىز، بىزنىڭ جەمئىيەتكە قاراشلىق مەكتەپلەر خارۋارد، ئەنرو ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا ئوخشاش ئالاھىدە پەن - تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئاساس قىلمايدۇ. بەلكى ئوقۇش- ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلىپ، جايلارنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرىدۇ، دەيدۇ.

4. ئامېرىكىنىڭ ئىنستىتۇتلىرى ئېچىۋېتىلگەن. بۇ ئىنستىتۇتلارنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇ-

دىرلەرى، پروفېسسورلىرى ئېلان چىقىرىلىپ مەملىكەت بويىچە ئوچۇق تاللىنىدۇ. ئۆزىنى
مەلۇم قىلغانلار ئىچىدىن تاللاپ بېكىتىلىدۇ. مەكتەپنىڭ كىتابخانىسى، تەجرىبىخانا،
ھېسابلاش مەركىزى، تەنتەربىيە مەيدانى، ئەدەبىي سەنئەت ئەسلىھە-
لىرى، ئاشخانا، مېھمانخانىلىرى مەكتەپكە خىزمەت قىلىش ئاساسىدا جەمئىيەتكىمۇ
خىزمەت قىلىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق مەكتەپ بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئالاقىسى قويۇقلاشتۇ-
رىدۇ، ئەسلىھەلەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، مەكتەپنىڭ كىرىمى
ئاشۇرۇلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز رايونىدىن، شىتات دائىرىسىدىن، مەملىكەت دا-
ئىرىسىدىن ھەتتا چەت ئەللەردىن ئالىدۇ. ئۆگىنىشكە تىرىشسا، چىقىمىغا مەسئۇل بولسا،
مەكتەپنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلسىلا بولىدۇ. شۇنىمۇ قوشۇپ ئېيتىپ ئۆتەيكى،
ئامېرىكىدا ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ھەتتا ئائىلىلەرنىڭ قورۇ ياكى ھويلىسىمۇ بولمايدۇ.

5. مەكتەپ باشقۇرۇش نىشانى ئېنىق، دەرىجىسى يۇقىرى. مەزكۇر جەمئىيەتكە
قاراشلىق ئۇنىۋېرسىتېت ئىنستىتۇتلار ئادەتتە ئۈچ تۈرلۈك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئال-
غان. ① شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان ئىختىساسلىق كىشىلەرنى
تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ② ئىشلىتىلىشچانلىقى كۈچلۈك تېخنىكا تەتقىقاتىغا
كۆڭۈل بۆلۈش، شۇغۇللىنىش ③ ئۆز جايلىرىغا ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئو-
قۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش. بۇ، مەكتەپلەر مەكتەپنى باشقۇرۇشتا شۇ
جاينىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىشنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. بۇنى تۆۋەندىكى
بىر قانچە جەھەتتىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

① كەسىپنى تەسىس قىلىشتا ئۆز شىتاتىنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغان.
مەسىلەن: دىكسون ئۇنىۋېرسىتېتى شىمالىي داكوتا شىتاتىنىڭ 60 يىللىق تارىخقا ئىگە يېڭى
شىتات ئىكەنلىكىنى، شىتاتنىڭ يېزا ئىگىلىك ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ بىر يىل-
لىق ئىستېمال گۆشىنى ئانالىز قىلىش، پەرىيوم قىلىش كەسپىنى ئاچقاندىن باشقا يەنە بىر يىل-
لىق تراكتور — ئاپتوموبىلنى رېمونت قىلىش كەسپىنىمۇ ئاچقان. ئاركانساس شىتاتى-
نىڭ ئورمانزارلىق كۆلىمى چوڭراق بولغاچقا، ئاركانساس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
مونتىسارو شۆبىسىدە شىتات بويىچە بىردىنبىر ئورمانزارلىق كەسپى تەسىس قىلىن-
غان. جەنۇبىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى بازارلارنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، كىيىم-
كېچەك لايىھىلەش كەسپىنى تەسىس قىلغان، بۇ يەردە ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە
تېگىشلىكى شۇكى، سانائەت كەسىپلىرى جەھەتتە بىر قىسىم ئۇنىۋېرسال ئۇنىۋېرسىتېت-
لاردا ئەنئەنىۋى سانائەت ئىنستىتۇتلىرى تەسىس قىلىنغاندىن باشقا يەنە يېقىنقى
يىللاردىن بۇيان تېخنىكا ئىنستىتۇتلىرىمۇ تەسىس قىلىنغان. سانائەت ئىنستىتۇت-
لىرى ئاساسەن يۇقىرىراق تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، تەتقىقاتچى-
لارنى تەربىيىلەيدۇ. تېخنىكا ئىنستىتۇتى ئاساسەن تېخ-

نولوگىيە خادىملىرىنى تەربىيىلەيدۇ، تونۇشتۇرۇلغان ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھازىر ئامېرىكىدا مۇشۇنداق ئىنستىتۇتتىن 20 نەچچىسى قۇرۇلغان. بۇ مەكتەپلەردە تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگۈچىلەرنى ھەم ئاز ساندا ماگىستىرلارنى تەربىيىلەيدىكەن، دوكتور يېتىشتۈرۈش سەۋىيىسىگە تېخى يەتمىگەن، كەسپلەر شۇنداق تەسىس قىلىنغاچقا، بۇ، يەرلىك مەكتەپلەرنىڭ ئەمەلى-لىكى كۈچلۈك، ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇۋېتىپتۇ.

② قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى بازارنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئۈزلۈك-سىز تەڭشەپ تۇرغان. مەسىلەن: پىردۇ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتىنىڭ يادرو قۇرۇلۇش كەسپىدە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسى 50 نەپەر، ئاسپىرانت 25 بار ئىكەن، ۋەھالەنكى ئېلېكترماشىنىسازلىق قۇرۇلۇش كەسپىدە ئوقۇۋاتقانلار بىر قانچە يۈز نەپەرگە يەتكەن. كولورادو شتاتىدىكى غەربىي جەنۇب ئىنستىتۇتىدا ھازىر 1200 نەپەر ئاسپىرانت بار ئىكەن. بۇ مەكتەپ بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن 1989 - يىلىدىن باشلاپ ئاسپىرانت قوبۇل قىلماي، تولۇق كۇرسنى ياخشى باشقۇرۇشنى قارار قىلغان. ③ كۆپ ساندىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي سەۋىيىسى بەك يۇقىرى بولمىسىمۇ، تەجرىبە سايمانلىرى ئادەتتىكىچە، بەزى سايمانلارنى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى ياسىغان بولسىمۇ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى يۇقىرى ئىكەن، ④ ئوقۇتۇشنى گەۋدىلەندۈرۈش ئاساسىدا ئىمكانىيەت بولسا ئۆز كەسپىي بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇم دائىرىدىكى ئىشلىتىش خاراكتېرلىق ئىلمىي تەتقىقاتنى مۇۋاپىق ئېلىپ بېرىش، جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىشنى مۇستەقىل ۋەزىپە قىلىش شتاتقا قاراشلىق ئۇنىۋېرسىتېت-ئىنستىتۇتلارنىڭ پونكىتسىيىسى دەپ ئېنىق بەلگىلىگەن ⑤ ئالىي مەكتەپلەر جەمئىيەتنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرى بىلەن كەڭ ئالاقە باغلاپ، كارخانا-شىركەتلەرنىڭ ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلىپ ياكى كارخانا-شىركەتلەرنىڭ تەتقىقات تۈرلىرىنى كۆتۈرە ئېلىپ ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلسا يەنە بىر تەرەپتىن مەلۇم راسخوتقا ئىگە بولۇپ مەكتەپنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتكەن. ⑥ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسىنى بەلگىلەشتە ئوقۇتۇش ئۈنۈمى، ئىلمىي سەۋىيىسىگە دىققەت قىلىش بىلەن بىرلىكتە جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىشىنىمۇ مۇھىم شەرت قىلغان. ⑦ ھەر قايسى شتاتلاردا شتاتنىڭ ھەر قايسى ساھەلەردىكى ئاتاقلىق ئەربابلاردىن تەركىب تاپقان مودىرىيەت قۇرۇلغان. ئۇشبۇ شتاتنىڭ ئالىي مائارىپ ئىشلىرى بويىچە سىياسەت بەلگىلەيدىغان، شتاتنىڭ ئالىي مائارىپ مەمۇرى باشقۇرۇش ئورگىنى بولۇپ قالغان: راسخوتنى تەقسىم قىلىش، مەكتەپ مۇدىرلىرىنى بەلگىلەش، كەسپ تەسىس قىلىش ئالىي دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋاننى باھالاپ بېكىتىش ۋە پروفېسسورلارنى تەكلىپ قىلىش تە-

يېزىلىشىنىڭ ئەڭ ئاخىردىكى قارار قىلىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇدىرىيەت بىجىرىدىكەن، مۇشۇنداق تەشكىلىي شەكىل ئارقىلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شتاتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىكەن.

6. ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ ساپاسى يۇقىرى، سانى ئاز، ۋەزىپىسى ئېغىر، تۇرمۇشلىرى قاتتىق ئىكەن.

ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچى بولۇشتا [illegible] قىلىنىدىغانلار دوكتورلۇقتىن يۇقىرى ئوقۇشنى تۈگەتكەنلەر بولۇشى كېرەك. مەسىلەن مىنىسوتا ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار مەركىزىنىڭ مۇدىرى ئىككى ئالىمنى ئورۇنغا ئىگە ئىكەن. ئوقۇتقۇچىلىققا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن ھەر يىلى بىر قېتىم ئىمتىھان ئالىدىكەن. 7 يىلدىن كېيىن رەسمىيلەشتۈرىدىكەن، رەسمىي ئوقۇتقۇچىلاردىن ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم ئىمتىھان ئالىدىكەن. ئوقۇتقۇچىلاردىن ھەپتىسىگە 15 سائەت دەرس ئۆتۈش تەلەپ قىلىنىدىكەن، ئىندىيانا ئۇنىۋېرسىتېتى بىر ۋە مىنىتىن مەركىزىي مەكتىۋىنىڭ 20 مىڭ ئوقۇغۇچى بولسىمۇ 3000 نەپەر ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىسى بار ئىكەن. ئىندىيانا ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھايات ئېھتىياجىنى چەكلىمىگەن. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ كۆلىمى چوڭ بىر ئاشخانىسى بار. ئاشخانا سىرتتىمۇ ئېچىۋېتىلگەن، مۇشۇنداق ئاشخانىدىمۇ ھاراق سېتىشقا يول قويۇلمىغان. پۇدۇئۇ ئۇنىۋېرسىتېتى سىنىپلىرىنىڭ ئىشىكىدە: تاماكا چېكىشكە، سىنىپقا يېيىدىغان، كىيىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كىرىشكە، سىنىپتا بىر نەرسە يېيىشكە رۇخسەت يوق دەپ يېزىپ قويۇلغان. بىز دىكىنسون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسىنى كۆردۇق. ئون كىشى ياتىدىكەن. ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئايرىم قەۋەتتە، قىز ئوقۇغۇچىلار ئايرىم قەۋەتتە تۇرىدىكەن. مىنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ياتاق شارائىتىنى ياخشىلاپ بېرىدىكەن. مەخسۇس بىر بىنا باشلىقى بار ئىكەن. ئۇ كىشى بىر قانچە ئوقۇغۇچىنى ياللاپ بىنانى باشقۇرىدىكەن، ياتاقتىمۇ ھاراق ئىچىش مەنئى قىلىنىدىكەن. ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئىمتىھان تۈزۈمىمۇ چىڭ ئىكەن. ئامېرىكا ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىش نىسبىتى 28%گە يەتكەن.

دېمەك، ئامېرىكىنىڭ يەرلىك ئالىي مەكتەپلىرى ئامېرىكىنىڭ شەرق ۋە غەرب قىرغاقلىرىدىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلىرىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ مەكتەپلەر ئۆزى تۇرۇشلۇق جايلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا يۈزلىنىپ، شۇ جايلارنىڭ جەمئىيىتى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. لۇئىسئانا شتاتىدىكى بىر ئالىي مەكتەپنىڭ مۇدىرى بىزگە: «ئەگەر مەن كوممۇنىست بولغان بولسام بۇ ئالىي مەكتەپلەرنى خەلقنىڭ ئالىي مەكتىپى دېگەن بولاتتىم» دېدى. بۇ كۆز قاراش مەلۇم تەرەپتىن ئامېرىكا يەرلىك ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئامېرىكىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى خېلى تەرەققىي قىلغان. ئوقۇتۇش شەرت-شارائىتى ئەسلىھەلىرى بىر قەدەر تولۇق. لېكىن ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلىرىمۇ بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىكەن. ئامېرىكا مائارىپ كومىتېتى: ئامېرىكا مائارىپ سىستېمىسى رىقابەتكە دۇچ كەلدى، تەلىم تەربىيە كۈچى ئاجىز بولماقتا. دەپ كۆرسەتتى. بىزنىڭ زىيارەت جەريانىدا كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىمىز بويىچە ئېيتقاندا ئامېرىكا مائارىپىدا مۇھىمى تۆۋەندىكى بىر قانچە مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا:

① ساۋاتسىزلارنىڭ نىسبىتى ئىنتايىن يۇقىرى، ئامېرىكىنىڭ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولسىمۇ ساۋاتسىزلارنىڭ ئومۇمىي ئىگىلىگەن نىسبىتى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ھازىر ئاز دېگەندە 23 مىليون چوڭ ئادەملەر كونۋېرتقا ئادرېس يېزىشنى، خىزمەتكە ئورۇنلىشىش جەدۋىلىنى تولدۇرۇشنى بىلمەيدۇ. بۇلار يېرىم ساۋاتسىز ھېسابلىنىدۇ. مەملىكەت بويىچە ئون نەچچە ياشلىق ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ تەخمىنەن 13% تى ئاز سانلىق مىللەت، ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ 40% تى ساۋاتسىز، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى نامرات ۋە مېيىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەربىيە ئېلىش پۇرسىتى تېخىمۇ ئاز بولماقتا.

2. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشتىن چېكىنىش نىسبىتى ئىنتايىن يۇقىرى، ھازىر ئامېرىكىدا 3000 دىن ئوشۇق ئالىي مەكتەپنىڭ 12 مىليوندىن ئوشۇق ئوقۇغۇچى بار. لېكىن بەلگىلەنگەن مۇددەتتە ئوقۇش پۈتتۈرەلمەيدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ، لوئىس ئانىنا شتاتىقا قاراشلىق ئونىۋېرسىتېتتا ئوقۇشتىن چېكىنىش نىسبىتى 46% نيۇ-يورك شتاتىقا قاراشلىق ئونىۋېرسىتېتتا 1%، پۈتۈن ئامېرىكىدىكى نېگىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشتىن چېكىنىش نىسبىتى 57%، مەملىكەت بويىچە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇشتىن چېكىنىش نىسبىتى 28% ئىكەن. ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇشتىن چېكىنىش نىسبىتى 25%، شەرت-شارائىتى ناچارراق شەھەر، بازارلاردىكى غەيرىي ئاق تەنلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشتىن چېكىنىش نىسبىتى 45% دىن 50% گىچە بولىۋېتىپتۇ.

گەرچە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇشتىن چېكىنگەندىن كېيىن چوڭلار ئالىي مائارىپى، ئىشتىن سىرتقى مائارىپ تەربىيىسىگە ئېرىشىش پۇرسىتى بولسىمۇ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇشتىن چېكىنگەندىن كېيىن، بىر بىر قىسىم ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ قايتا مەجبۇرى تەلىم-تەربىيىگە ئېرىشىش پۇرسىتى بولمايدىكەن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ ئىشنىڭ ئەمگەك كۈچىنىڭ سۈپىتىگە، ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ھەل قىلىش يولىدا ئىزدىنى-

ۋېتىپتۇ، ھازىر ئامېرىكىدا ئازسانلىق مىللەت ئەمگەكچى مەملىكەت بويىچە پۈتۈن دۆلەت ئەمگەكچىلىرىنىڭ 8%تىنى ئىگىلەيدىكەن. 1990-يىلىغا بارغاندا ئامېرىكىنىڭ 18 ياشتىن 22 ياشقىچە بولغان ياشلىرى ئىچىدە غەيرىي ئاق تەنلىك ياشلار 30% كە يېتىشى مۇمكىن ئىكەن. بۇلارنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىن چېكىنىش نىسبىتى ۋە بۇلار ئىچىدىكى قىزلارنىڭ ھامىلدار بولۇش قېتىم سانى كىشىنى چۆچۈتىۋەتكىدەك دەرىجىدە كۆپەيمەكتە ئىكەن. بۇمۇ ئامېرىكا مائارىپى ئالدىدىكى بىر مەسىلە ئىكەن.

3. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ چەتئەل تىلى سەۋىيىسى تۆۋەن، ئامېرىكىنىڭ ئىگىلىكى ۋە پەن-تېخنىكىسى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتارلاردا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنگلىز تىلى دۇنيادا ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىدىغان تىل بولغانلىقتىن، ئۇلاردا بىر خىل ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ، چەت تىل ئۆگىنىشكە سەل قارىغان. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ چەت تىل ئۆگىنىشكە كۆڭۈل بۆلمىگەن. بەزى پروفېسسورلىرىنىڭمۇ چەت تىل سەۋىيىسى دېگەندەك يۇقىرى ئەمەس ئىكەن. ئامېرىكا جامائەتچىلىكى: خەلقئارا سودا جەھەتتىن ئېيتقاندا ئامېرىكا پەيدىن-پەي دۇنياۋى «يېزا»غا ئايلانماقتا. ئامېرىكىلىقلارمۇ باشقا دۆلەتلەرنىڭ خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى، تىلىنى ئۆگىنىپ، دۇنياۋى ئىگىلىك ۋە خەلقئارا بازارغا قاتنىشىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈشى زۆرۈر دەپ قارىماقتا. ئامېرىكا مائارىپ ساھەسىدىكىلەر چەتئەللەر بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، چەتئەل تىلى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشنى تەكىتلىمەكتە ئىكەن.

4. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ سانى كەم، سۈپىتى تۆۋەن ئىكەن. ئامېرىكا باشلانغۇچ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تەمىناتى باشقا ساھەدىكىلەردىن تۆۋەن. بەزى جايلاردا پۈتۈننىڭ تىرنىقىنى ياسايدىغانلارنىڭ مۇئاشى ئوقۇتقۇچىنىڭكىدىن ئۈستۈن ئىكەن، شۇڭا ئوقۇتقۇچىلىقنىڭ كىشىلەرنى جەلپ قىلىش كۈچى بولمىغان. ياشلار ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشنى خالىمايدىكەن، زىيارەت جەريانىدىكى سۆھبەتلەردە ئوقۇغۇچىلاردىن: چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلىسىلەر دەپ سورىساق بىرىمۇ ئوقۇتقۇچى بولىمەن دېمىدى. سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرسەك: سەۋەبى كۆپ، ئاساسلىقى ئىقتىسادىي كىرىم ئاز، مۇئاش تۆۋەن دەيدۇ. قارىغاندا ئامېرىكىدا مەملىكەت خاراكتېرلىك ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى كەم بولۇش ئەھۋالى يۈز بېرىشى، تەرەققىي قىلغان چوڭراق شەھەرلەردە ئېغىر بولۇشى مۆلچەرلەنمەكتە. بۇنى ئامېرىكا ھۆكۈمەت مائارىپ ساھەسىدىكىلەر ھېس قىلىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن چارە ئىزدىگەن بولسىمۇ ھەل قىلالمىغان، مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىدىغان چارە تەدبىر تېخى ئوتتۇرىغا قويۇلماپتۇ.

5. ئاز بولمىغان ئوقۇغۇچىلار تىرىشىپ ئۆگەنمەيدۇ. ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تەبىئىي پەن ئوقۇتۇشى نىسبەتەن ئاجىز، ئامېرىكىنىڭ مەكتەپ تەربىيىسى ئائىلە تەربىيىسى ۋە باشقا ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن خېلى بىر قىسىم باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تىرىشىپ ئۆگەنمەيدۇ، ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى ئەمەس. ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزاسى سەيمون دۇنيادىكى 158 دۆلەت ئىچىدە ئامېرىكىلىق بالىلارنىڭ ماقالە يېزىش ئىقتىدارى ئۇزۇندىن بۇيان 49-ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى، دېدى. ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ بەزى ئەزالىرى بىر پروفېسسورنىڭ ئۆيىدە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4-سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىنىڭ تېخى ئەمدى ئىككى خانىلىق سانىنى بىر خانىلىق سانغا كۆپەيتىشنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. بەزى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ 1-يىللىقىدا ئوقۇغۇچىلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالگېبراسىنى تەكرارلاۋېتىپتۇ. مەلۇماتقا قارىغاندا ئامېرىكىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەن بالىلىرىنىڭ 16%تى ئوتتۇرا مەكتەپتە فىزىكا دەرسىنى ئاران بىر يىللا ئوقۇغان. بۇلاردىن ئامېرىكا ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە تەبىئىي پەن ئوقۇتۇشىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇ. بۇلار بىزنىڭ ھېس قىلىشىمىزچە ئامېرىكا مائارىپىدا ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەر.

## 6

ئامېرىكىنىڭ يەرلىك ئالىي مەكتەپلىرى ئامېرىكا ئالىي مائارىپىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى، ئىلگىرى بىزدىن ئامېرىكىغا كۆپلىگەن ئۆمەكلەر بارغان. ئاساسەن «داڭلىق» ئالىي مەكتەپلەرنى كۆرگەن. يەرلىك ئالىي مەكتەپلەرنى تەتقىق قىلىشىمىز يېتەرلىك بولمىغان. بۇ قېتىمقى زىيارەت ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ شىتات ئىگىلىكىدىكى ئۇنىۋېرسىتېت، ئىنستىتۇتلارنىڭ ئەھۋالىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلىدۇق. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئۆز رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، كەسپ، دەرسلەرنى جەمئىيەتنىڭ، ئىگىلىكنىڭ ئېھتىياجى بويىچە تەسىس قىلىشى؛ مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى، ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى جانلىقلىق- قاراتمىلىقىنىڭ كۈچلۈكلىكى، بولۇپمۇ مەكتەپلەرنىڭ ئۆز قاتلىمىغا رازى بولۇپ ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىنى ئادا قىلىشقا تىرىشىۋاتقانلىقى، مەكتەپنى ئېچىۋېتىپ جەمئىيەت بىلەن زىچ باغلاپ باشقۇرۇۋاتقانلىقى، بىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. لېكىن ئامېرىكا تەرەپنىڭ بىزگە كۆپرەك ئورۇننى كۆرسىتىش ئارزۇسى بىلەن سەپىرىنىڭ ئۇزۇن، نۇقتىنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشى، ۋاقىتنىڭ قىسلىقى، چەتئەل تىلىنى بىلمىگەنلىكىمىز قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆگىنىشىمىز چوڭقۇر، ئەتراپلىق بولمىدى. بىزدە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغان يەنە بىر ئىش ھازىر

ئامېرىكىدا ئالىي مائارىپ ساھەسىدىكىلەرنىڭ «مائارىپنى خەلقئارالاشتۇرۇش» ئىشى كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغايدىغان چوڭ تېمىغا ئايلىنىپ قالغانلىقى بولدى. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ سابىق مىنىستىرى بېل ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىدا: «ئامېرىكا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، دۇنيادىكى مەسىلىلەرنى ئىگىلىشى يېتەرسىز، ھەتتا ئامېرىكىنىڭ خەلقئارادىكى ئىشلاردا ئوينايدىغان رولى-نى بىلىشمۇ يېتەرسىز، شۇڭا مائارىپنىڭ خەلقئارالىشىشىنى تېزراق ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، خەلقئارادىكى مائارىپ ئالماشتۇرۇشنى، ئىدىيە ئالماشتۇرۇشنى كۈچەي-تىشنى ھەمدە ئامېرىكا جامائەتچىلىكىۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ مائارىپنى «خەلقئارالاشتۇرۇش» قا يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەلەپ قىلىمىز» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ئىشقا بىزمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز لازىم. پارتىيەۋە ھۆكۈ-مەت ھۆكۈمەت تەرەپ ۋە خەلق تەرەپتىن ئىبارەتئىككى يولدا خەلقئارا ئالاقىنى يولغا قويدى. بۇنى داۋاملىق كۈچەيتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بىزمۇ دۇنيا-غا يۈزلەنگەن مۇنەۋۋەر ئىقتىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىمىز كېرەك. بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىزمۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپلا قالماستىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ، دۇنيانىڭ ئەھۋاللىرىنىمۇ بىلىشى، دۇنياۋى رىقابەتكە قاتنىشىشتا ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك بىلىم قۇرۇلمىسى، پىسخىك سۈپىتى قاتارلىق-لارغا ئىگە بولۇشى لازىم.

## 7

زىيارەت قىلىشتىن مەقسەت، نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ باشقىلارنى ئەينەك قىلىپ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ئۆز ئىشلىرىمىزنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت. بىز بۇندىن كېيىن پارتىيە 13-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ مەكتەپتە پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنى ھەققىدىكى تەربىيىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىپ، 4 ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشىمىز، ئېچىۋېتىش جانلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشىمىز سوتسىيالىزم يۆلىنىشىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، ئىتتىپاقلىقتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى بىرلىكتە ئېلىپ بېرى-شىمىز، ئوقۇتۇش قۇرۇلمىسى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلى-شىمىز لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆز كەسپىگە ئائىت ئاساسىي نەزەرىيە، ئاساسىي بىلىم — ئاساسىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ھەر خىل چارىلار بىلەن ياردەم قىلىنغاندىن باشقا ئۇلارنىڭ تىل ئۆگىنىشىنى ئالاھىدە كۈچى بىلەن ئويۇشتۇرۇشىمىز كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى خەنزۇ تىلى ئۆتكەلدىن چوقۇم ئۆتۈشى، شۇ ئاساستا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ چەتئەل تىلى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. ئىككى يىلدىن بۇيان ئېچىلىۋاتقان ئېنگلىز تىل سىنىپىنى داۋاملىق ئېچىشىمىز كېرەك. مائارىپ، پەن- تېخنىكا جەمئىيەتتىكى خەلقئارا ئالماشتۇرۇش ھەر قايسى ئەللەر خەلقلىرىنىڭ ئورتاق يۈزلىنىشىگە ئايلانغان ھازىرقى دەۋردە تىلدىن ئىبارەت بۇ قورال ئىگىلەنمىسە، باردى- كەلدى قىلىش، ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇش ئېھتىمالى ناھايىتى چوك .بولىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل ئۆگىنىشىنىمۇ ئالاھىدە كۈچى بىلەن تۇتۇشىمىز كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇغۇچىلا خەنزۇچىنى ئوبدان ئۆگىنىشى كېرەك. بۇ قورال ئىگىلەنمىسە داۋاملىق ئۆگىنىش، ئۆزىنىڭ بىلىمىنى ئۆستۈرۈش ئۆزىنى كۈچايتىشتا ناھايىتى زور قىيىنچىلىققا يولۇقىدۇ. ھەتتا يېرىم يولدا توختاپ قېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھازىرقى ئوقۇتۇشنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىللە ئوقۇتۇشنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، خەنزۇچە تىل ئۆتكەلدىن ئۆتۈشنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى كۆزدە تۇتۇپ تەييارلىق تۈزۈمىنى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز لازىم. ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خەنزۇچە ئۆگىنىشىنى چىڭ تۇتۇش ئاساسىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆز كەسپىنى پۇختا ئۆگىنىۋاتقان، خەنزۇچە ئاساسىي ياخشى، ئۆگىنىش نەتىجىسى يۇقىرى، ئەخلاق — ئىنتىزام جەھەتتىمۇ ئۈلگىلىك بولغان مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلا ئۈچۈن ئىنگلىزچە دەرسىنى يولغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ چەتئەل تىلى ئۆگىنىش ئاكتىپلىقىنى قوللاپ، سۈپىتى يۇقىرىراق ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئاساس سېلىشىمىز كېرەك. يىغىپ ئېيتقاندا، مەكتىپىمىزدىكى بارلىق كادىرلار، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلار ئىتتىپاقلىشىپ، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، پارتىيە 13—قۇرۇلتىيىنىڭ روھى بويىچە مەكتىپىمىزنى ياخشى باشقۇرۇشىمىز. پۇختا ئاساس قۇرۇپ مەكتىپىمىزنىڭ دۇنياغا، كەلگۈسىگە، زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يۈزلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

1088-يىل فېۋرال. قەشقەر

# ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىللىنىزملىق مەدەنىيەت

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن ※

«ئەگەر ياۋرۇپا ئىددىيىلىرى باكتىرىيە ئارقىلىق يىراق شەرققە يېتىپ بارغان دېيىلسە، ئۇ ھالدا مۇشۇ يەر ۋە مۇشۇ كانال ئارقىلىق ئاسىيا چۈشەنچىلىرىمۇ ياۋرۇپاغا يېتىپ بارغان»

— دراپېر

## 1

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىللىنىزم مەدەنىيىتى ① مەسىلىسى چوڭ ئىلمىي تېما. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا يىپەك يولىنى بويلاپ مەيدانغا كەلگەن، شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيەتلىرىنى يەرلىك مەدەنىيەت ئاساسى ئۈستىدە بىرلەشتۈرگەن سىنكىرتىك ئارىلاشما مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى. ئۇنىڭسىز ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ بىر قاتار مەسىلىلىرىنى روشەنلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

---

## ※ پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن

### I

شىنجاڭ ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدىكى پروفېسسورلارنىڭ بىرى بولغان ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن — زامانىمىزغا يارىشا بىر شۆھرەتلىك تۆھپىكار. ئۇنىڭ ھازىرغىچىلىك بېسىپ ئۆتكەن ئۆمۈر مۇساپىسى گويا خەتەرلىك تىيا-چوققا، ھاڭ-غارلاردىن باشلىنىپ، تاشتىن-تاشقا ئۆرۈلۈپ، ئەگرى-بۈگرى جىلغىلاردىن ئەگىپ ئېقىپ كەلگەن ئېقىن سۇغا ئوخشايدۇ. ئۇ، پولاتتەك مۇستەھكەم ئىرادىسى، ئەمەلىي ئىشلەشتىكى ئىزچىللىقى، كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارلىقى، مەدەنىيەت خەزىنىمىزگە قوشۇۋاتقان تۆھپىسىنىڭ موللۇقى



AltunOq

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئىزلىرى ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئەھمىيەتلىك گرېك مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تەسىر قىلىش مەنىسىدىلا ئىزاھلانماسلىقى كېرەك. روشەنكى، ئوتتۇرا (مەركىزىي) ئاسىياغا تەسىر كۆرسەتكەن ئېللىنىزم مەدەنىيىتى ئىككى مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتلىك جەريان ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن.

بىرىنچىدىن، گرېك مەدەنىيىتى ئىنسانىيەتنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدىكى مەھەللىۋى، مىللىي مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ھالقىغان بىرىنچى تىپتىكى ئالەمشۇمۇل تارىخىي مەدەنىيەت سۈپىتىدە قەدىمكى مىسىر، بابىل - ئاسورىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان مەدەنىيەتلىرىنىڭ بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق جەملىنىشى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. گرېكلار تۇنجى ئۇنىۋېرساللىقچىلار سۈپىتىدە ئۆزلىرى ئېرىشكەن شەرق ۋە غەربنىڭ بىر قاتار ئاساسىي مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى گۇمانىزم ئاساسىدا يەكۈنلىدى. مۇنداق سىنتېزلاش جەريانىدا گرېكلار شاگىرت سالاھىيىتىدە قاتناشقان ئىدى. بىز بىر مۇنچە گرېك مۇتەپەككۇرلىرى ۋە سەنئەتكارلىرىنىڭ غەيرىي دىيارلاردا تەلىم ئالغانلىقىنى بىلىمىز. گرېك مەدەنىيىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش دۇرۇس ئەمەس. ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا ئاندرونوپلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان سىكىتلار كاۋكازىيە، پەلەستىن، قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي ساھىلى ۋە ئىراندىكى ھەرقايسى كىنەزلىكلەرگە كۆچۈپ تەسىر كۆرسەتتى. سىكىتلار قارا دېڭىز ساھىلىدا گرېكلار بىلەن بىللە ياشىدى. كۆپلىگەن گرېك تارىخچىلىرى (مەسىلەن: ھېرودوتۇس، پولىبىي، ستىرابون قاتارلىقلار)، گرېك تېبابەتچىلىرى (مەسىلەن: ھىپپوكرات) سىكىتلار، ساكلار، ماسساگېتلار مەنبەلىرىدىن ئوزۇقلانغان. گرېكلار بىلەن ئىرانلىقلار ئارىسىدا

---

بىلەن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ مائارىپچىلىق ھاياتىدا، ئىلمىي تەتقىقات، ئەدەبىي ئىجادىيەت، تەرجىمە ھەم ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە قازانغان ئۇتۇقلىرى — ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىدە ئەبەدىي چاقناپ تۇرىدىغان گۆھەردۇر. شۇڭا، ھاياتى ۋە ئىلمىي — ئىجادىيولى ئۆزگىچىلىككە، ئىزچىللىققا، ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە بولغان مۇشۇنداق بىر ئىستېداتلىق ئالىم، تالانتلىق شائىر، مۇنەۋۋەر باغۋەننى تونۇشتۇرۇش — مىللىتىمىز زامانىۋى مەدەنىيەت تارىخىنىڭ نۇرانە ئابىدىسىنى تىكلەشنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالغۇسى.

## II

يولداش ئابدۇشۈكۈر 1934 - يىلى ئاتۇشنىڭ مەشھەت كەنتىدە زىيالى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى مۇھەممەت ئىمىن ئەپەندى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن ئىلغار پىكىرلىك زىيالىي كىشى ئىدى. ئانىسى ھەمراخانىمۇ يېڭى زامان تەربىيىسى ئالغان ئاڭلىق، ئوقۇمۇشلۇق ئايال ئىدى. ئابدۇشۈكۈر ئەنە شۇنداق ئىلغار پىكىر ۋە ئىلمىي

ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەرگە ئوتتۇرا ئاسىيا ماساگېتلىرى بەزىدە ئىرانلىقلارنىڭ، بەزىدە گرېكلارنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى سۈپىتىدە قاتناشقان. بۇ ھال تۈچ قوراللىرى ۋە ئاتلىقلار مەدەنىيىتى دەۋرىدە ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا ئاندرونوۋ — سەكىف — ماساگېتلىرى بىلەن گرېكلار ئوتتۇرىسىدا ئەڭ قەدىمكى بىۋاستە باغلىنىشنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئېللىنىزم مەدەنىيىتى ئالەمشۇمۇل تارىخىي تىپىكى مەدەنىيەت بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىن، تولىمۇ تەۋەززۇلۇق شەكلىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا مۇئامىلە قىلغىنى يوق. ئېللىنىزم مەدەنىيىتى ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى ئارقىلىق — ئوت ۋە قانلىق ھەربىي مۇداخىلە ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىپ كەلدى. شۇنداق بولۇشقا قارىماي ئېللىنىزم ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىي ھاياتىغا مەڭگۈلۈك تارىخىي تەسىر قالدۇردى.

## 2

ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشى تۆت يىل (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 333 — 329) داۋام قىلغاندىن كېيىن، ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 329 — يىلى ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئېشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا بوسۇغىسىدا پەيدا بولۇپ قالدى ۋە دەسلەپتە باكتىرىيەنى ئىشغال قىلدى. ئۇ تاكى ئوتتۇرا ئاسىيادىن چېكىنگەنگە قەدەر بۇ يەردىكى قاتتىق ۋە ھەرىكەتچان قارشىلىق تۈپەيلى بۇ يەردە 3- 4 يىل تۇرۇپ قالدى. ئىسكەندەر مىلادىدىن ئىلگىرىكى 323 - يىلى 6 - ئايدا ئالەمدىن ئۆتتى.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەربىي پائالىيىتى 3 يىلغا سوزۇلغان بولسىمۇ گرېك — ماكېدونىيىلىكلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەربىي -

---

روھ نۇرلىنىپ تۇرغان بىر ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆستى.

ئۇ باشلانغۇچ تەربىيىنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 - باشلانغۇچ مەكتەپتە، ئوتتۇرا مەكتەپ تەربىيىسىنى قەشقەر شەھىرىدە ئالدى.

ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا ئىلغار پىكىرلەر تەسىرىگە ئۇچرىغان ئابدۇشۈكۈر 1949 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە كۆتۈرۈلگەن زۇلۇمغا قارشى ياشلار ھەرىكىتىگە قاتناشتى. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇ، ياشلار ھەرىكىتىنىڭ تەدبىرلىك باشلامچىسى ۋە قەيسەر ئىشتىراكچىسى ئىدى...

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن بىلىم ئىگىلەش ئىستىكى بىلەن 1950 - يىلى سىنتەبىردە شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىغا كىرىپ ئوقۇغان. 1952 - يىلى سىنتەبىردە ئوقۇش پۈتتۈرگەندە شۇ مەكتەپنىڭ ئۆزىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەنگەن. 1953 - يىلى سىنتەبىردە غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزم ئاسپىرانتۇرىيىسىگە ئوقۇشقا كىرىپ 1955 - يىلى ئاۋغۇستتا ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن. ئاسپىرانتۇرىيىدىكى مەزگىلدە ماركسچە پەلسەپە ۋە ياۋروپا كلاسسىك پەلسەپىسىنى بېرىلىپ

سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى ئۇزۇنغا سوزۇلدى. بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسكەندەر ھاكىمىيىتى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 328 — 303 - يىللاردىكى ئانتىپاتىرغىچە)، سېلېۋكىلار ھاكىمىيىتى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 303 - 250 - يىللاردىكى ئانتىئوخ-سىدېغىچە)، گرېك - باكتىرىيە ھاكىمىيىتى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 250 - 155 - يىللاردىكى يېۋكراتىد ۋە گېرمىيا زامانىغىچە) ئالدىن كېيىن بولۇپ ئىككى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ساقلىنىپ تۇردى. گەرچە ئوتتۇرا — مەركىزىي ئاسىيا ياۋچى — توخار تۈركلىرىنىڭ سەركەردىسى كىچىكلا كادپىز باشچىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن كوشان ئىمپېرىيىسى گرېك ماكېدونىيە نەسلىدىكىلەر ھاكىمىيەت باشقۇرغان ھالەتكە ئۈزۈل - كېسىل خاتىمە بەرگەن بولسىمۇ گرېك - ماكېدونىيىلىكلەر دەۋ-ردە مەيدانغا كەلگەن ئېللىنىزملىق مەدەنىيەت يەرلىك مەدەنىيەت تىپلىرى بىلەن بىرلىشىپ «شەرق ئېللىنىزمى» نى، ئېنىقراق ئېيتقاندا ئوتتۇرا ئاسىيا ئېللىنىزمى مەدەنىيىتىنى ھاسىل قىلدى. مۇنداق گرېك مەدەنىيىتى تەسىرىدە ئالەمشۇمۇل تا-رىخىي خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئىككىنچى قول ئىگىلىكى مەدەنىيەت تىپى — كوشان - كۆسەن كىلاسسىك مەدەنىيىتى مەيدانغا كەلدى. بۇ مەدەنىيەت جۇڭگونىڭ مەشھۇر سىي - تاڭ مەدەنىيىتى — ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە تۈنجى فېئوداللىق مەدەنىيەت تىپىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۆز ھەسسىسىنى قوشتى.

گرېك مەدەنىيىتى تەسىرى خەلىپە مەمۇن دەۋرىدە كۈچەيگەن گرېتسىيىدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتىدە، بەسرە ۋە ھەلەپتىكى گرېك - سۈرىيە - ئەرەب تەرجىمە — تەفسىرچىلىقىدا، شەرق ئارستوتېلى - ئەبۇ نەسر فارابىنىڭ پەلسەپىۋى سىستېمى-سىدا، مۇھەممەد مۇسا خارەزمى، ئىبنى سىنا، ئەبۇرەيھان بىرۇنى، ناسىر خىسراۋ، ئۆمەر ھەييام، ئۇلۇغبېك، مىرزا بېدىل تەبىئەت پەلسەپىلىك قاراشلىرىدا، رابغۇزى،

---

ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر پەلسەپە سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش ئىشىغا پۇختا ئاساس سالغان.

يولداش ئابدۇشۈكۈر ئاسپىرانتۇرىدىنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوقۇتۇش - ئىلمىي تەتقىقات ۋە باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەت-لەردە، ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، يۈكسەك ئىلمىي روھ، زور جاسارەت بىلەن ئىشلىدى [ئۇنىڭ 1956 - يىلى «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ژۇرنىلى» نى تەشكىل قىلىشنى تەشەببۇس قىلغانلىقى ۋە ئاخىر بۇ ژۇر-نالنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى ئەڭ ئاددىي مىسال سۈپىتىدە كۆرسىتىش مۇمكىن] ۋە ئەشۇ مەزگىللەردە ئىسمى جىسمىغا لايىق بىلىمى مول ئو-قۇتقۇچى، ئىقتىدارلىق ئىلمىي خادىم، مول ھوسۇللۇق ئەدىب بولۇپ چىقىشقا يۈزلىنىپ، كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ياراتقان مول تۆھپىلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئالقىشى، ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسىگە ئىگە بولدى. ئەمما، 1959 - يىلىغا كەلگەندە تۆھمەت ۋە ھاقارەتكە ئۇچراپ، «ئوڭچى»، «يەرلىك مىللەتچى» قىلىپ

نىزامى، خىسراۋ دېھلەۋى، ئابدۇراخمان جامى ۋە ئەلىشىر ناۋائىينىڭ ئۆلمەس بەدىئىي ئەسەرلىرىدە، «يېزدان — رۇم»، «ئارستۇھېكىم»، «ئەپلاتون»، «ئىسكەندەر تىلسىمى» بىلەن ئالاقىدار خەلق ھېكايە - رىۋايەتلىرىدە داۋاملىق تەكرارلىنىپ ۋە خاتىرىلىنىپ تۇردى.

## 3

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېللىنىزملىق مەدەنىيەت ئىقتىسادىي - ماددىي مەدەنىيەت ئۆركىشىدە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە دىن ۋە ئېتىقاد، پەلسەپە ۋە سەنئەت جەھەتلەردىكى يېڭى ئارىلاشما مەدەنىيەت ئوتتۇرىلىرىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ئىپادىلەندى. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر بىلەن مەدەنىيەت تارىخى جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى بۇ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى تەسەۋۋۇردىن كۆپلىكى ۋە ئىنچىكىلىكىنى كۆرسەتتى.

ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشى گەرچە ئىلگىرىكى كارۋان يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئۇ مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ بەرپا بولۇشىغا ھەسسە قوشتى. گرېك — ماكېدونىيىلىكلەر زامانىدا ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا يېڭى يوللار مەيدانغا كەلدى. بۇ زاماندا ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئېكباتان (خاماد)، دەمەشىق، گرېتسىيىگە سوزۇلغان غەربىي ئاساسىي يولدىن باشقا يەنە ھىندىقۇشتىن ۋاخاس جىلغىسى، قارا تېكىن (قاراچىن) — ئالوي جىلغىسى ئارقىلىق قەشقەرگە بارىدىغان شەرقىي غول يول بارلىققا كەلدى. بۇنىڭدىن باشقا ھىندىستاندىن ئىسسىق كۆلنى ياقىلاپ سىبىرىيىگە — لېنا بويىدىكى ئالتۇن كانغا سوزۇلغان قەدىمكى

---

قويۇلۇپ، تاكى 1979 - يىلىغىچە كۆپ دىشۋارچىلىقلارنى تارتتى. لېكىن ئۇ شۇنداق ئېغىر كۈنلەردىمۇ يەنىلا مەرتلەرچە ياشىدى. ئۇ، قاراڭغۇ تۈنلەردە چولپاندەك، تۇمانلىق كۈنلەردە كۈن نۇرىدەك، لاي سۇدا ئالتۇن بېلىقتەك، تەتۈر قويۇندا بۈركۈتتەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ 20 يىللىق ھاياتى تۆھمەت ۋە زۇلمەت ئىچىدە ئۆتسىمۇ ئۇ يەنىلا ۋىجدانىدىن، ئۈمىدىدىن، ئىلمىي روھىدىن، قابىلىيىتىدىن ئايرىلمىدى.

ئۇ، 1979 - يىلى ئۈزۈل - كېسىل ئاقلىنىپ، يېڭى ھايات باھارى ئۇنى تېخىمۇ زور روھتا، ئىلمىي قۇدرەتكە ئىگە قىلدى. شۇڭا، قىسقىغىنە 8 يىل ئىچىدە ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ئاجايىپ يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىپ جۇڭگو ۋە خەلقئارادا زور شان - شەرەپ قازاندى. ھازىر ئۇ كېسەلچانراق بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىنى، ئىجتىمائىي پائالىيىتىنى قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويغىنى يوق.

ئۇنىڭ ھاياتى — چىن ئىنسانىي ھايات، بىر تىنىمسىز ئىشلەيدىغان ئالىمنىڭ ھاياتى، بىر تالانتلىق شائىرنىڭ ھاياتى، قولى گۈل، مۇۋىسى

«ئالتۇن يول» مۇ جانلاندى. بۇ يوللاردا شەرقتىن غەربكە، جەنۇبتىن شىمالغا يىپەك رەختلەر، خىشپىراق ماتېرىياللار، دەندان بۇيۇملار، بەدەخشان ياقۇتى ۋە خارازم مارجانلىرى ئۈزۈلمەي توشۇلدى.

ئېللىنىزم دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاۋات شەھەر - قەلئەلەر مەيدانغا كەلدى. قۇللار ئەمگىكى، قوللار ھۈنىرى ۋە خەلقئارا سىردا قاتناش تەرەققىياتى نەتىجىسىدە گرېك — باكتىرىيىنىڭ ئۆزىلا سىترابوننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «مىڭ شەھەرلىك دۆلەت» دەپ شۆھرەت قازانغان. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇخارا، زەرەپشان، خارازىم، تېرمىز، پەرغانە قاتارلىق جايلىرى بىلەن پاكىستاندىن تېپىلغان ئالتۇن پۇللار بۇ چاغدىكى پۇل مۇئامىلىسىنىڭ تېزلەشكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ھەتتا يېۋدىتېم مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 200 - يىللىرى ئالتۇن پۇل قۇيدۇرۇش ئۈچۈن ئالتۇن كانلىرى بولمىغان گرېك - باكتىرىيىدىن ئالتاي ۋە خىتەنگە كىشى ئەۋەتكەن. بۇ كىشىلەر كۆك كۆز، قىزىل (قوڭۇر) چاچلىق چىرايلىقلارنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىشقان.

گرېك — باكتىرىيە دەۋرى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى يېزىق تارىخىنىڭ راۋاجلىنىشىغا بىر قاتلاملىق تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ چاغدا ھاكىمىيەت تۆپىسىدىكىلەر گرېك تىل - يېزىقى قوللانغان. يەرلىك خەلق ئۆز تىلىدا سۆزلەشكەن. سىماچەننىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا پەرغانىدىن ئارشاك (پارفىيە) خانلىقىغا بارغىچە بولغان ئارىلىقتا خەلق بىر - بىرىنىڭ تىلىنى چۈشەنگەن. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىرلەردە ئالامىيا يېزىقى ئاساسىدا خارازىم يېزىقى، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىرلەردە بولسا سوغدى يېزىقى ۋە قاروشتى يېزىقى مەيدانغا كەلگەنلىكى مەلۇم. بۇ يېزىقلارنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر يېزىقىغا تەسىرى بولمى-

شەربەت باغۋەنىنىڭ ھاياتىدۇر.

## II

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت ئىمىن — خەلق مائارىپ ئىشلىرىغا قىزغىن مۇھەببەت باغلىغان ئىجتىھاتلىق، ئەتىۋارلىق، ئۇنىۋېرساللىقى كۈچلۈك بولغان تىرىشچان ئوقۇتقۇچى.

ئۇنىڭ دەرس بېرىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ پەلسەپە، ئەدەبىيات، ئېستېتىكا، مەدەنىيەت تارىخى قاتارلىق ئىلىم ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ھازىرغىچە «ماركسىزم - لېنىنىزم ئاساسلىرى»، «دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم» ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم»، «تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە ئەدەبىيات تارىخى»، «ئومۇمىي ئېستېتىكا»، «ئېستېتىكا تارىخى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئەت تارىخى» قاتارلىق ئاساسىي دەرس ۋە تاللانما دەرسلەرنى ئۆتۈپ كەلدى. ئۇ تەكلىپ بويىچە 1986 - يىلى 10 - ئايدا ياپونىيىدە «ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ قامۇسى — «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن تېمىدا مەخسۇس لېكسىيە سۆزلەپ، ياپون ئۇيغۇرشۇناسلىرى

غان دېيىش قىيىن. گرېك - باكتىرىيە خانلىقى گۈللەنگەن زامانلاردا قاروشتى يېزىقى گرېك يېزىقى بىلەن بىللە قوللىنىلادى. بۇ يېزىقتا يېزىلغان نۇرغۇنلىغان تارىشا پۈتۈكلەر تارىم ئۆپچۆرىسىدىكى خارابىلىقلاردىن كۆپلەپ تېپىلغان.

4

شەرق ئېللىنىزمى ئىدېئولوگىيىلىك مەدەنىيەتتە بىر قەدەر روشەن ئىپادىلەندى. بۇنىڭ مۇھىم ساھەسى دىنىي ۋە ئەپسانىۋى قاراشلاردىن ئىبارەت بولىدى.

مەلۇمكى، ئوتتۇرا (مەركىزىي) ئاسىيا خەلقلىرى تەبىئەت ئىلاھچىلىقى — ئانىمىزملىق قاراشلار ئاساسىدا كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارغا، ئوت، سۇ ۋە زېمىنگە، ئاتا - بوۋىلار روھلىرىغا، ياخشىلىق مۇئەككەللىرىگە سېغىناتتى. قەدىمكى ئاندرونوپ - ئارىئانلارنىڭ تۇنجى دەۋرى روھىيىتىگە خاس ئانىمىزملىق كۆپ خىل مۇئەككەللىرى بولغان. تۆت ئادۇ (تۆت زات) قارىشى بارغانسېرى ئوتقا — ئاگنىگە چوقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنداق ئوت بەلگىسى (" ") ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا قىيا سىزىقلىرىدە ئۆزىنىڭ ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن. كۈن — ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ئاھالىسىنىڭ باش تەڭرىسى ئورنىدا كۆتۈرۈلۈشكە يۈزلەنگەن. ئوتقا سېغىنىش ئاتەشپەرەسلىك دىنىدىن ئىلگىرىلا مەۋجۇت بولغان. «چەلپەكتۈز» ئەڭ قەدىمكى ئوت مۇئەككەللىرىدىن بىرى بولغانلىقى مەلۇم. قۇياش - كۈن ئوبرازى ماۋرائۇننەھر قەدىمكى ماسساگېت — سۇغدى ئاھالىسى ئارىسىدا مىترا ئىلاھى ئوبرازىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. يەر - سۇ ئىلاھى ئوماي بىلەن ئاناخ (ئاناخىت) بىرلىشىپ كەتكەن. خۇزېمىيسىر (چەيخۇن) دەريا ۋادىسىدىكى ساكلارنىڭ سۇ مۇئەككىلى بولغان. ئۇ بىر قولىدا بېلىق تۇتۇپ ئۇزۇن كۆينەك قاخلاپ پېشۇرسا،

---

ۋە تۈركشۇناسلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئۇ، ئۆزى ئۆتكەن دەرسلىكلىرىنى تەييارلاشتىمۇ ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ ئىشلىدى. ھازىرغىچە يۈتكۈزگەن دەرسلەر بويىچە تەخمىنەن بىر مىليون خەتلىك دەرسلىك تەييارلاپ، كۆپىنچىسىنى رەسمىي ۋە غەيرىي رەسمىي نەشىر قىلدۇردى. ئۇنىڭ «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دېگەن دەرسلىك كىتابى شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2 قېتىم كۆپ تىراژدا نەشىر قىلىندى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - دەرىجىلىك ئىجتىمائىي پەن مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «ئومۇمىي ئېستېتىكا» ناملىق بۇ كىتاب ئۇيغۇر ئېستېتىكا ئىلمىي تارىخىدىكى تۇنجى دەرسلىك خاراكتېرىدىكى ژىرىك ئەسەر بولۇشى بىلەن ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ كىتاب ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەردە مۇھىم دەرسلىك ماتېرىيالى قىلىنماقتا.

ئۇ ئالىي مەكتەپلەردە بىرتالاش دەرسلىك قىلىنغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» دېگەن 4 تومluq كىتابنىڭ ئاساسلىق ئاپتورلىرىدىن بىرى.

www.uyghurkitap.com

يەنە بىر قولىدا دەريادىن بېلىق تۇتقان ئوبرازدا تەسۋىرلەنگەن. مەررىخ جەڭ ئىلاھى بولۇپ، «ئاۋىستا» دا ئۇ خۇددى ھازىرقى سۆك ئۈسكۈدا تەسۋىرلەنگەندەك ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ، جىن - ئالۋاستىلارنى چاقماقتەك ئوت چاقنىتىدىغان تۆمۈر زەنجىر بىلەن سۈرۈپ جەڭ قىلغان. ئۇنىڭ ياردەمچىسى ۋېرترانگا چوشقا قىياپەتلىك تەسۋىرلەنگەن.

شەرق ئېللىنىزمى دەۋرىدە بۇ مەھەللى ئىلاھلار گرېك ئىلاھلىرى زېۋس، ھېرا، ئافىنا، ئاردېمىس، ئاپوللو، ئارتېمىدا، دېمېتىرار، ھېرمېس قاتارلىق ئوبرازلىرى بىلەن ئارىلاشتى. گرېك — باكتىرىيە مېتال پۇللىرىدا گرېك ئىلاھلىرى بىلەن بىللە ئاناخىت ۋە مىترا ئوبرازلىرىمۇ چېكىلدۈرۈلدى. نەتىجىدە شەرق - غەرب خەلقلىرى ئېلىنىزمى ۋە ئەپسانىۋى ئىلاھىيەتچىلىكىدە بىر ئارىلىشىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، شەرق - غەرب دىنىي ئەپسانىۋى قاراشلىرىغا يېڭى تۈس كىرگۈزدى. بۇ ھال كۇشان ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە قەندەھار، كۆسەن قاتارلىق جايلاردا ئىشلەنگەن بۇددا ھەيكەلتىراشلىقى ۋە رەسساملىق سەنئىتىدىكى ئارىلاشمىچىلىق ئۇسلۇبىغا تەسىر كۆرسەتتى.

دىنىي ئارىلاشمىچىلىق زاراتۇسترا (گرېكلار «زاراۋاسترا» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ) دىنىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ھىندىستانغا ماكانلاشقان ئارىيانلار ئەۋلادىدىن بولغان ساكيامۇنى (ساك دانىشمىنى) سىددىخارتا ياراتقان بۇددىزم بىراخما ۋە ئارىيان ئەپسانىۋى تەسەۋۋۇرلىرىنى بىرلەشتۈردى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 253 - يىلى ئاسوكا تەشەببۇسى بىلەن ئېچىلغان بۇددىزم 3 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن گرېك - باكتىرىيەگە (ياۋادا غا) تارقىلىشقا باشلىدى. بۇددىزم كۇشان

---

ئۇ بۇ دەرسلىكنىڭ ئومۇمىي تىزىسىنى يېزىش خىزمىتىدە ئاساسلىق قەلەم تەۋرەتكۈچى بولدى ۋە دەرسلىك قوللانمىسىنىڭ «قاراخانىيلار ئەدەبىياتى» دېگەن بۆلۈمىنى يېزىپ پۈتتۈردى.

بۇ پېشقەدەم باغۋەننىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدىكى مول تۆھپىسى ۋە چوڭقۇر تەسىرىنى پارتىيە ۋە خەلق يۇقىرى باھالىدى. شۇڭا ئۇ 1986 - يىلى پروفېسسورلۇققا ئۆستۈرۈلدى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن — شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىدىن يېتىشىپ چىققان تۇنجى پروفېسسورلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا چوڭقۇر تەسىر، يۇقىرى ئابرويغا ئىگە. ئۇنىڭ چەت ئەل تىللىرىدىن پايدىلىنىش ئىقتىدارى، دەرسلىك تەييارلاش سۈرئىتى ۋە لېكسىيە سۆزلەش سەنئىتى يۇقىرى بولۇپ، مەملىكەتتە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

ئۇ يالغۇز دەرس ئۆتۈش ۋە دەرسلىك تۈزۈش بىلەنلا بەنت بولۇپ قالماي، يەنە ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەش ۋە ياش - ئوتتۇرا ياش ئوقۇتقۇچىلارنى يېتەكلەش خىزمىتىدىمۇ كۆزگە كۆرۈندى. ئۇ ھازىرغىچە 20

خانلىقى دەۋردە ئېخىمىز ئارىلاشما مەدەنىيەت تۈسىگە كىردى. بۇ ھال ئۇنىڭ مەھەللى دىنىي - ئېتىقادتىن خەلقئارا دىنىي ئېتىقاد دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن ئىدى.

شۇنداق قىلىپ «گرېكلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى مەھەللى خەلقلەرنىڭ قەدىمكى دىنى بىلەن بىرلىشىپ كەتتى.... گرېك مەدەنىيىتى يەرلىك خەلقلەرگە تەسىر قىلىش بىلەن بىللە، مەھەللى مەدەنىيەت گرېكلارغا تەسىر قىلدى»①

## 5

سەنئەت - شەرق ئېللىنىزمىنىڭ كۆرۈنگەن بىر تارمىقى بولۇپ قالدى. ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشى ۋە گرېك — ماكېدونىيىلىكلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى نەتىجىسىدە گرېك تىياتىر سەنئىتى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئېقىپ كىردى. بىز خىل گرېك سەنئىتى كلاسسىك گرېك تراگېدىيىلىرى بىلەن گرېك خەلق تىياتىرى بولغان «ماسكاراس» كۆمېدىك مەسخىرىۋازلىقى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى سىستېما بويىچە كىرىپ كەلگەن.

كۆنتكورنىسىيروف«ماكېدونىيىلىك ئىسكەندەرنىڭ تارىخى» ناملىق كىتابىدا «ئىسكەندەرنىڭ دادىسى فىلىپپىي تىياتىرغا ھېرىسمەن كىشى ئىدى. ئۇ تىياتىر كۆرۈۋاتقان چېغىدا ئۆلتۈرۈلگەن»① دەپ يازىدۇ.

پولتارىخ «سېلىشتۇرما ھايات تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە كۆرسىتىشىچە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىمۇ تىياتىرغا ھېرىسمەن بولغان، شەرققە يۈرۈش قىلغاندا 3 مىڭ تىياتىر ئارتىسىنى بىللە ئېلىپ ماڭغان ۋە جەڭ ۋاقىتلىرى ئارىسىدا ئارام ئالغاندا ئوقۇش ئويچىن سوفىكىل، ئېسخىل، ئېۋرىپىدىسنىڭ مەشھۇر تراگېدىيە

---

ئوقۇغۇچىنىڭ دېسسېرتاتسىيە ياقلىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ۋە پېداگوگىكىلىق سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم بەردى.

پىشقەدەم باغۋەن، تالانتلىق پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر گەرچە ھازىر كېسەلچان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئوقۇتۇش مۇنبىرىدىن ئايرىلماي، قەيسەرلىك بىلەن ئىشلىمەكتە.

## IV

يېقىندا ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن ئۆزىنىڭ 100 - ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. بۇ يىل كىتابخانلار ئۇنىڭ بىر قانچە كىتابلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالىسى 100 دىن، كىتابلىرى 10 دىن ئېشىپ كەتكەن بولىدۇ.

لىۋان يازغۇچىسى جىبران خەلىل جىبران مۇنداق دېگەن ئىدى: «مەن ماڭغانلار بىلەن بىللە مېڭىشنى خالايمەن. ئۆتمۈۋاتقانلارغا قاراپ تۇرۇشنى خالىمايمەن» دېگەن ئىدى. تالانتلىق ئالىم ئابدۇشۈكۈر ئەنە شۇ

www.uyghurkitap.com

ئەسەرلىرىنى ئالدۇرغان ئىدى.

ك. ۋ. ترېۋېر «گرېك – باكتىرىيە يادىكارلىقلىرى» ناملىق ئەسىرىدە (1940-يىل مىسكۋا نەشرى) گرېك – باكتىرىيە سارايلىرىدا كىلاسسىك گرېك تراگېدىيىلىرى ئوينالغانلىقىنى تىلغا ئالغان. س. پ. تولستوۋ «ئۆزبېكىستان قەدىمكى مەدەنىيىتى» (1943-يىل، تاشكەنت نەشرى) ناملىق ئەسە-رىدە گرېكلارغا قارشى مىللىي مەۋقەدە تۇرغان پارفىيە سارايلىرىدىمۇ بۇخىل تىـ-راگېدىيىلەر ئوينالغانلىقىنى، گرېك مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن چەتكە قېقىش پو-زىتسىيىسىدە بولمىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

ھازىرقى قازاقىستان تەۋەسىدىكى يەتتە سۇ رايونى كوستاناي ئوبلاستى توغ-راي يېزىسىدىن تېپىلغان كۆزۈش تاۋاقتا ئىشلەنگەن مىلادى 1-ئەسىردىكى قاپارتى-مىلىق (چىكانكا) تەسۋىردى سۈرەتلەر گرېك كىلاسسىك تراگېدىيىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئېۋرىپىدىس ئەسەرلىرىنىڭ يالغۇز باكتىرىيىدىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىر دەريا شىمالىي رايونلىرىدىمۇ كەڭ سەھنىلەشتۈرۈلگەن-لىكىنى كۆرسەتتى. نيۇ-يوركتا ساقلىنىۋاتقان يەنە باشقا مۇشۇ خىل مېتال تاۋاق-قا ئىشلەنگەن كۆرۈنۈشلەر بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئىسپاتلىدى.

ئامېرىكا ئالىمى ك. ۋېيتسمانىنىڭ تەتقىقاتىچە، كوستاناي-يەتتەسۇ كۆزۈش قاچىسىغا ئېۋرىپىدىسنىڭ «ئاكىستىدا»، «ئالوپ»، «ۋاكخ قىزلىرى»، «ئېپولى-تى»، «ئېئون» تراگېدىيىلىرىنىڭ تىپىك كۆرۈنۈشلىرى تاللاپ بېرىلگەن. «ئاك-ستىدا» تراگېدىيىسىدە ئادمېتپادىشاھنىڭ بېشىغا ئۆلۈم مەجبۇرىيىتى چۈشكەندە، ئۇنىڭ مېھرىبان خوتۇنى ئاكىستىدانىڭ ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن ئۆزىنى قۇربان قىلىش قارا-

---

ئىدىيىدىكى ئادەم. ئۇ گەرچە ئۇيغۇر ئىلىم - پەن تارىخىدا ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىم ۋە ئەدىبلەر بىلەن پەخىرلىنىمىز. لېكىن، ئۇلارنى ئىلگىرى ئۆتكەن ئادەملەر. ئەمدىكى مەسىلە يېڭى ئالىملارنى چىقىرىپ، يېڭىنى كەشىپ قىلىشتا دەپ قارىدى. شۇڭا ئۆتكەن ئالىملاردىن پەخىرلىنىپ تۇ-رۇۋەرمىدى. بەلكى مۇشۇ رېئال دۇنيادا ئالغا قاراپ مېڭىۋاتقان ئۇلۇغ ئالىملار بىلەن بىللە مېڭىشنى خالىدى.

ئۇنىڭ دادىسى مۇھەممەت ئىمىن ئىلغار پىكىرلىك، ۋەتەن ۋە چەت ئەللەردە ئوقۇپ كۆپ بىلىم ئالغان زىيالىي بولغاچقا، دائىم ئوغلى ئابدۇشۈكۈرنى بىر ئالىم بولۇپ چىقىشقا ئۈندەيتتى. ئۇ ئالىي مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى توغرىسىدا نۇرغۇن كىتاب-لارنى ئوقىدى. بۇ كىتابلارنىڭ مۇئەللىپلىرىنىڭ كۆپىنچىسى رۇس، ياپ-پون، ئېنگلىز، فىرانسۇز، نېمىس، ئەرەب،........ مىللەت-لىرىدىن بولغان ئالىملار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ: «مىللىتىمىز ئۆز تارىخىدا شۇنچىۋالا كۆپ ئېسىل نەرسىلەرنى ئىختىرا قىلىپتۇ. لېكىن ئۇنى تەتقىق قىلغۇچىلار باشقىلار. ئەلۋەتتە ئۆز مىللىتىمىزدىن

رىغا كېلىپ، ئاخىرقى ۋىدالىشىش پەيتىدىكى تىپىك كۆرۈنۈشى سىزىلغان. سۈرەتتە ئاكىسىدا بېشىغا ئاخىرەتلىك رومالىنى ئارتىپ، سول قولىنى ئادەمىيەت پادىشاھغا ئۇزاتسىمۇ ئۇنىڭ كۆكسىگە يەتمىگەن، ئوڭ قولى بىلەن تەبەسسۇم ئارىلاش ئۈستىدىكى كىيىمىنى سىقىمداپ ئاخىرقى مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئېپۇرېپىدىسنىڭ ئەسلى تېكىستىدە:

«بەختسىز شورلۇق يەتتى!
ئۆزۈڭنى تۇت، سەن بەرمىگىن،
ئاسمان ھۆكۈمرانىدىن،
نىجات تىلە، ئۇڭا سېغىن!»

دەپ يېزىلغان كۆرۈنۈش دەل مۇشۇ بولغان.

كوستاناي — يەتتە سىز كۆرۈش تاۋۇقىدىكى يەنە بىر سەھنە كۆرۈنۈشى ئېپۇرېپىدىسنىڭ «ئىئالوپ» دراماسىدىكى ئېپېرۇس پادىشاھى كىركىنانىڭ گۈزەل قىزى ئالوپ دېگەن ئىلاھى چوشىدىن نىكاھسىز تۇغۇپ قويۇپ ئاتا غەزىۋىدىن قورقۇۋاتقان پەيتىدىكى تىپىك خاراكتېر كۆرۈنۈشى بولغان.

ئىزنىدىن كېيىن ۋاكىخ قىزلىرى» دىراممىسىنىڭ كۆرۈنۈشىدىن پارچە سىزىلغان. بىرىنچىدا ھاراق مۇئەككىلى دىئونىس ھەرىپىگە بېغىشلانغان 1-قېتىملىق دىئونىس بايرىمىنى كۈتىۋالغان ۋاكىخلىق قىزلار تەسۋىرلەنگەن. بۇ كۆرۈنۈشتە ئالدىن بېشارەت بەرگۈچى مويسىپىت تىرېسىي ئالدىغا ئۆز نەۋرىسى پېنفېگە ھاكىمىيەتنى تاپشۇرۇپ، سىياسى ئىشلاردىن ۋاز كەچكەن قېرى پادىشاھى كادمىۋىنىڭ دىئونىس بايرىمىغا كەلگەن ۋاقتىدىكى ھالىتى بېرىلگەن. ئەسلى ئېپۇرېپىس تېكىستىدە

كۆپرەك تەتقىق قىلغۇچىلار يېتىشىپ چىقىشى لازىم» دەپ ئويلىدى ۋە مۇشۇ ئىش ئۈچۈن بىلىمنى مەھكەم باغلاپ، 1951 - يىلىدىن باشلاپلا ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا «ھاياتلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «ئوزۇقلۇق ماددىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى» دېگەن ئىلمىي ماقالىنى ئېلان قىلغان ئىدى. ئۇ 1956 - يىلى «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI - ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى»، «بەدىئىي تىپ ھەققىدە بىزنىڭ قاراشلىرىمىز» دېگەن ئىككى ئىلمىي ماقالىنى ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىلار ئەينى ۋاقىتلاردا بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى. بولۇپمۇ 1 - ماقالە، قاراخانىيلار سۇلالىسى مەدەنىيەت تارىخى بويىچە شىنجاڭدا يېزىلغان تۇنجى ئىلمىي ماقالە بولۇشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. 1956، 1957 - يىللار ئىچىدە ئۇ «شىنجاڭدا 1944 - 1949-يىللاردىكى خەلق ئازاتلىق ئىنقىلابى» دېگەن كىتابىنى يېزىپتاماملىدى.

ئۇ 1979 - يىلىدىن 1987 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك مۇزىكىسى 12 - مۇقام توغرىسىدا»، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ئۇسسۇل سەنئىتى»، «ئومۇمىي ئېستېتىكا»، «فارابى ۋە ئۇ-



AltunOq

كادىرلىرىمىزدىكى ئۈزلۈكسىز ئوقۇش ئۈگىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئاساسى دېگەن:

«ئەمدى بىز ئۈزلۈكسىز نەدە ئوقۇيمىز.
قەيەردە سەكرەيمىز— تاقلايمىز ئەمدى؟
ئاقارغان چاچلارنى ئەمدى ئۆزلىمىز،
ئۈزلۈكسىز ئوقۇشقا ئۆگەنمەكمىز ئىمىز!»

تەرىپى بولسا ئۈزلۈكسىز:

«سىنىڭ دىلىڭ خىزدى مەندەك ياش،
ئۆزەممۇ ئەمەسمەن ئەنە نەۋقىران.»

دەپ، ئۆزى ئۇسۇلغا چۈشكەن.

نيۇ-يوركتا ساقلانغان ئۇ خىل كۆرمە قاچىلارغا ئېھۇر دېيىشنىڭ «كېراكىلىنىڭ ئەخلاقىنىڭ چىقىشى»، «پالەئادا»، «تىلىۋ»، «ئەگىپ»، «ئەمپولات» دراممىلىرنىڭ يۇقارقىدەك تەپىمكىزۆنلىشلىرى بىر دېگەن.ك ۋىيەتنامنىڭ تەتقىقاتىچە، بۇ كۆمۈش قاچىلار ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئۇستىلار قولىدا ياسالغان، سىرتىدىن كەلتۈرۈلمىگەن.

پىزلتارىخ «كراسىر» ناملىق ئەسىرىنىڭ 33—پاراگرافىدا فارفىيە شاھى ئاردو II نىڭ سارىيىدا ئوينالغان «ۋاكىخ قىزلىرى» دراممىسىدا سارالى ئاكاۋار رولىنى يەرلىك ياسان ناملىق ئارتىسنىڭ ئويناپ چىققانلىقىنى تىلغا ئالغان.

6

گرېك كىلاسسىك تىياتىرىدىن باشقا خەلق ئويۇن سەنئىتى ھېساپلانغان دىئونىس بايراملىرى، نىقاپلىق مەسخىرە (ماسكارا) تىياتىرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا-

نىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، «قۇتادغۇبىلىك ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى قىممىتى»، «ئوتتۇرا ۋە مەركىزي ئاسىيا قەدىمكى تارىخىدىن ئۈچېرك»، «ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە تارىخىدىن ئوچېرك» قاتارلىق 10 غا يېقىن ئىلمىي كىتاب ۋە «ئەلىشىر ناۋايى دۇنيا قارىشى ھەققىدە ئىزدىنىش»، «كوسەن مەدەنىيىتى ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى»، «ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىللىنىزملىق مەدەنىيەت»، «ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ئويغىنىشى»، «ئۇيغۇر پەلسەپىسىنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسى» قاتارلىق 100 دىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىنى، شۇنداقلا 10 نەچچە ئەدەبىي ئوبزورنى يېزىپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا، نەشرىياتلاردا ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك مۇزىكىسى — 12 مۇقام توغرىسىدا» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇچە نەشر قىلىندى. ئۇ، 5 پارچە ئىلمىي ماقالىسىنى بىۋاستە خەنزۇچە يېزىپ ئېلان قىلدى. 25 پارچە ئىلمىي ماقالىسى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خەنزۇچە گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. نەشر قىلىنىش ئالدىدا

يادا تېخىمۇ كەڭ تارقالغان.

دىيونىس گرېكلارنىڭ مەي ئىچىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان ئەلنەغمە تىياتىرى بولۇپ، هاراق ئىلاھى دىيونىسنىڭ پاجىئەلىك قىسمەتلىرىنى خاتىرىلەشكە بېغىشلانغان ئىدى. ئۇ چاغلاردا بۇ ئويۇننى ئوينىغۇچىلار ئۆچكە تېرىسى يېپىنىپ نىقاپلىنار ئىدى.

شۇنى تىلغا ئېلىش هاجەتكى، ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى خەلق ئارىسىدا ئۇزۇندىن ئۆچكە شەكلىدە نىقاپلىنىپ ئويۇن ئويناش ئەھۋالى ساقلانغان. تاشكەنت يېنىدىكى چىرچىق رايونىنىڭ مەيدانتال قىيالىرىغا ئىپتىدائىي ئوۋچىنىڭ ئۆچكە قىياپىتىدە، نىقاپلانغان سۈرىتى سىزىلغان. XVI-XIV ئەسىرگە ئائىت خەلق ئويۇنلىرى ئىپادىلەنگەن كىتاب قىستۇرما سۈرەتلىرىدە ئۆچكە ئۇسۇلى قىياپىتى سىزىلغان. ئۇيغۇرلاردا ئۆچكە ئۇسۇلى بولغانلىقى مەلۇم. ئاررىئاننىڭ «ئاتا بازىس ئالېكساندىر» (ئىسكەندەرنىڭ يىراققا يۈرۈشى) ناملىق ئەسىرىدە كۆرسىتىلىشىچە گرېكلار ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشتىن ئىلگىرىلا يەرلىك خەلقنىڭ خۇددى دىيونىس بايراملىرىدەك ئۈزۈم هارىقى ئىچىپ شىركەيىپ بولۇپ ئوينايدىغان خەلق ئويۇنلىرى بولغان. تېرمىزدىن تېپىلغان ئىدىشقا ئۈزۈم يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىكى شىركەيىپ قىز سۈرىتى سىزىلغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىرگە ئائىت بۇخارادىن تېپىلغان كۈمۈش قاچىغا، بەدەخشاندىن تېپىلغان كۈمۈش ئىدىشقا، مىلادىنىڭ بېشىغا ئائىت تۈركمەنىستاننىڭ جەنۇبىدىكى نىسادىن تېپىلغان مۈڭگۈزلۈك قەدەهكە شۇ خىل مەي بايراملىرى كۆرۈنۈشلىرى سىزىلغان. خوتەندىن مىلادىيە I - II ئەسىرلەرگە ئائىت كۆپ ئىدىشلار ساپىرىغا هەر خىل قىزىقچىلىق قىياپەتلىرى، ماس-

---

تۇرغان «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى»دىمۇ ئۇ ئىشلىگەن كۆپ تارماقلار بار.

ئۇ يازغان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى — 12 مۇقام ھەققىدە» 1 - دەرىجىلىك ئىلمىي ئەسەر، «ئومۇمىي ئېستېتىكا» 2 - دەرىجىلىك ئىلمىي تەتقىقات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام توغرىسىدا» ناملىق كىتابى 1983-يىلى مۇسكۋا كىتاب كۆرگەزمىسىگە قويۇلۇپ قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.

مۇشۇ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئىلمىي خادىملىرى ئىچىدە ئىلمىي تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، يورۇتۇپ بەرگەن مەزمۇنلارنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئەسەرنىڭ يېزىلىشىنىڭ تېزلىكى، ئەسەرنىڭ سان جەھەتتە كۆپلىكى، ئىجادىيىتىنىڭ كۈچلۈكلىكى، بوسۇش خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئىجادىيەت نەتىجىسى خېلى يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ باشقىلار ئاچمىغان يولنى ئاچقان، باشقىلار يازمىغان تېمىنى يازغان، ئاز ۋاقىت ئىچىدە كۆپ ھوسۇل بەرگەن ھەقىقىي ئىجتىھات ئىگىسىدۇر. ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە يۇقىرى ئېتىراپ قىلىنىدى. ئۇنىڭ

كىلىق كۆرۈنۈشلەر، بەرباب چېلىۋاتقان مايمۇن قىياپەتلىك سازەندىلەرنىڭ قا-پارتىملىق ياسالغان كۆرۈنۈشلىرى كۆپلەپ تېپىلغان. بۇ ئېھتىمال مەيزاپ پىد-شۇردىدىغان كۆپلەرنىڭ قولاقلىرىدا ئىشلەنگەن بولسا كېرەك. مەن بۇنى ياپونىيە توكيو دۆلەت مۇزېيىدا ئۇچراتتىم. روشەنكى، ئۈزۈم ئۆسىخىلىرى چۈشۈرۈلگەن تو-قۇلمىلار تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن كۆپلەپ تېپىلغان. تۇرپان ئەڭ قەدىمكى مەشھۇر ھاراق ماكانى بولغانلىقى ھازىر سىر ئەمەس. لىشىجېن پارلان-دۇرۇلغان ھاراقنىڭ ئىددىقۇتتىن كەلگەنلىكىنى تەكىتلىگەن ئىدى. مەھمۇت قەشقەرىي «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» دە بۇ جەھەتتىكى قەدىمكى خەلق قوشىقىنى مۇنداق خاتىرىلىگەن:

«كۆكلەر قاموغ تۈزۈلدى،
ئەۋرىق ئىدىش تىزىلدى.
سانسىز ئۈزۈم ئۈزۈلدى،
كەلگىل ئامۇل ئوينالىم»

(چالغۇ-سازلار تۈزۈلدى،
مەي جاملىرى تىزىلدى.
سەنسىز دىلىم قىسىلدى،
كەلگىن* ياپراپ ئوينايلى)

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، گرېك خەلق تىياتىرى — ئويۇنلىرى، بولۇپمۇ كومېدىك مەسخىرىۋازلىق ۋە نىقابلىق ئويۇنلىرى شەرق ئېللىنىزمىدا خېلىلا سالماقنى ئىگىلىگەن. ھەتتا ئەلىشىر ناۋايى «ھەيرا تول ئەبرار» داستانىنىڭ 32-بابىدا:

---

ئەسەرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلمىي تەپەككۇرىنى، مەدەنىيەت تارىخىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات تارىخى ھەققىدىكى نۇرغۇن خاتا قاراشلىرىنى تۈزەتتى. تارىخىي پاكىتلارنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇلار ئۈستىدە ئەقىلغا مۇۋاپىق تەھلىل يۈرگۈزدى. شۇڭا ئىستېداتلىق ئالىمنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى يۇقىرى ئىلمىي — نەزەرىيىۋى قىممەتكە، ماتېرىيال قىممىتىگە، دەرسلىك قىممىتىگە ۋە تارىخىي قىممەتكە ئىگە بولدى. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان قاتلام نەزەرىيىسى، يېڭى شەرق مەدەنىيىتى ئويغىنىش نەزەرىيىسى، 2 مەدەنىيەت تىپى [يەرلىك مەدەنىيەت تىپى ۋە دۇنياۋى مەدەنىيەت تىپى] ۋە 5 خىل مەدەنىيەت تىپى [گرېك — رىم مەدەنىيىتى تىپى، كوشان — كۇسەن مەدەنىيىتى تىپى، سۈي - تاڭ مەدەنىيىتى تىپى، ئەرەب مەدەنىيىتى تىپى، ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشى مەدەنىيەت تىپى] قارىشى — بىر خىل يېڭى ئىلمىي كەشپىيات بولۇپ، ئىلىم ساھەسىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا.

ئۇ يالغۇز ئىلمىي — ئىجادىي تەتقىقاتچى بولۇپ قالماستىن، يەنە

«ئۆلكى ساقال باغلىغان ئەل كۆلدۈرۈر،
كۆلكى ساقاللىغا ئۆزى كەلتۈرۈر»
«مەسخىرە كىم كۆلكى ئۈچۈن باج يەر،
بىر دەرەم ئالغۇنچە ئىككى كاچ يەر»

دەپ يېزىپ، ھەتتا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە مەخسۇس قىزىقچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرىدىغان سەنئەتكارلارنىڭ بولغانلىقىدىن دېرەك قىلىدى①

## 7

ئوتتۇرا ئاسىيا ئېللىنىزمى تەسۋىرىي سەنئەتتە دېيەرلىك ئىپادىلەنگەن. سىتەيىن مىرەندىكى 3-بۇددا ئىبادەتخانىسى، 5-بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ رەسىملىرىدىكى گرېك ئۇسلۇبىدىكى رەسىملەردىن تاشقىرى يەنە قاناتلىق-ساماۋى ئادەم سۈرىتىنى تاپقان. گرېكلارنىڭ رەسساملىق ئەنئەنىسى بولغان بۇ رەسىمنىڭ تېپىلىشى ئېللىنىزملىق رەسسامچىلىق ئۇسلۇبىنىڭ لوپنۇر ۋادىسىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسەتتى. ھەممىگە مەلۇمكى، گرېكلارنىڭ ئەپسانىۋى قاناتلىق ساماۋى ئادەم سىزىش ئۇسلۇبى كېيىنچە خىرىستىيان دىنى سەنئىتى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرى ياۋروپا رەسساملىرى بىبى مەريەم ۋە ئەيسانىڭ تۇغۇلۇشىنى تەسۋىرلەيدىغان كۆپلىگەن رەسىملەردە قاناتلىق ئوغۇللارنى، قاناتلىق پەرىشتىلەرنى كۆپلەپ سىزغان. بوتتىچېللى 1486—1490-يىللىرى سىزغان «ۋېنىرانىڭ تۇغۇلۇشى»، رافائېل 1515—1519-يىللىرى سىزغان «مۇقەددەس مەريەم» قاتارلىق رەسىملەرنى بۇنىڭغا مىسال قىلىش مۇمكىن. مۇنداق قاناتلىق گرېك ئۇسلۇبى لېنىنگراد

ئىلىم ساھەسىدە بىر ماھىر تەرجىمان. ئۇ ھازىرغىچە «ئېستېتىكا ھەققىدە لېكسىيەلەر» دېگەن يىرىك كىتابىنى ۋە نەچچە ئون ئىلمىي ماقالىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى.

## V

1986-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىننىڭ 1000 پارچە شېئىرى ئېلان قىلىندى. بۇ شېئىر گەرچە ئۇنىڭ 53 ياشقا تولغان ۋاقتىدا ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ شېئىردىكى تولۇپ تاشقان لىرىك تۇيغۇلار، ئادەمنى ئويلاندۇرىدىغان پەلسەپىۋى پىكىرلەر ۋە ئادەمنى ئىزدەندۈرۈپ تۇرىدىغان تەسەۋۋۇرلار — ئۇنىڭ بەدىئىي تالانتىنىڭ يېڭىلا جۇش ئۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شېئىر، پروزا، دراما تۇرگىيە قاتارلىق ژانىرلىرىدا مول ئىجادىي تۆھپىلەر ياراتقان تالانتلىق ئەدىب. ئۇ ھامان ئۆز ئەسەرلىرىدە قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى بىلەن چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى بىرىكتۈرۈپ، باھاردىكى تاغ سۈيىدەك

ئېرمىتاژ مۇزېيىدا ساقلانغان يەرلىك ئۇستىلار تەرىپىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردە ياسالغان مېتال بويۇمدىكى قاناتلىق ئىلاھ سۈرىتىمۇ ئۇمۇ ئىپادىلەنگەن. بۇ ئۇسلۇب كۇچا قىزىل مىڭ ئۆيى 8-ۋە 196- تا شكىپەردىكى، قىزىل قاغا مىڭ ئۆيى 28-تا شكىپەردىكى قومتۇر مىڭ ئۆيى 30-تا شكىپەردىكى «ساماۋى قىزلار» رەسىملىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن. ۋەھالەنكى، كۆسەن رەسساملىرى قولىدا بۇ «ساماۋى قىزلار» قاناتقا ئەمەس، بەلكى يىپەك-ئەتلەس توقۇلمىلىرىدا تايىنىپ ئۇچقان قىلىپ سىزىلغان.

ستەيىن كونا نىيە خارابىسىدىن گىرېك ئىلاھلىرى ۋە ئەپسانىۋى قەھرىمانلىرىدىن ئافىنا، ھىراكلىس، ئېروس ئوبرازىدا تەقلىد قىلىنغان رەسىملەرنى ئويىزىپ ئېلىپ كەتكەن. مەن بۇ قېتىم ياپونىيە توكيو دۆلەت مۇزېيىدا قويۇلغان ھىراكلىس تۇچ ھەيكىلىنى كۆردۈم. بۇ 15—20 سانتىمېتىر كېلىدىغان ھەيكەل ھىراكلىسنىڭ قەھرىمانلىقىنى ئىپادىلىگەن ئىدى. ئۇ ئۈستىگە دەھشەتلىك يىلان ئورالغان رائوكون ئوبرازىدا تولىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. پەنجىكەنت تام سۈرەتلىرىگە (گەرچە VI-VII ئەسىرگە تەئەللۇق بولسىمۇ) يىلانغا ئورالغان ئارتىمىس قىز سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇمۇ كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ. نىسادىن (ئاشخابات يېنىدا) تېپىلغان يادىكارلىقلار ئىچىدە مىلادىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىرگە ئائىت ئىككى ئىلاھ ھەيكىلى گىرېك ئۇسلۇبىنىڭ يارقىن ئىپادىسىنى كۆرسەتتى.

پېللىئوت 1906-يىلى مارالبېشى تۇمشۇق خارابىلىرىدىن گىرېك ئۇسلۇبىدىكى ئويما رەسىملەرنى تاپقان.

شىۋىتسىيىلىك ھېدىن رولان خارابىسىدىن تاپقان ياغاچ ئويما ھەيكەل گىرېك ئۇسلۇبىدا ياسالغان. بۇ يەردىكى يوپۇرماق ئارىسىغا چۈشۈرۈلگەن بېلىق

---

سۈزۈك لىرىك تۇيغۇلار ئىچىدە ھېكمەتلىك پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى ئىچىپ كەلدى. ئۇ، ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۆز تەسەۋۋۇرىنى ھامان مىللەت ۋە خەلقىنىڭ ئىلغار تەسەۋۋۇرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىكى ئورنىنى، ئۈمىدىنى، ئىجادكارلىقىنى، باتۇرلۇقىنى ئىنكاس قىلىپ كەلدى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى زامانىۋى ئىدىيىلەر، زامانىۋى ئەدەبىي ئىستىللار ۋە زامانىۋى ئىستېتىك ۋاستىلار بىلەن بېزەپ جانلاندۇردى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ شېئىر - رۇبائىيلىرى ھەم قويۇق مىللىي پۇراقتا، ھەم كۈچلۈك زامانىۋى روھقا ئىگە بولدى. ئۇ، ئىجادىيەتتە ئۆزىگە خاس يول تۇتتى. ئۇ مەلۇم مەزگىللىك ھاياتنى ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي مىللىي تۇرمۇش رېئاللىقىنى تېما قىلىپ يورۇتۇپ، ئەسلىدىكى ئەدەبىيات روھىنى نامايەن قىلدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ماھىيەتلىك ھايات تەسىراتلىرى ئەبەدىي ئۆزلەمەس ئىدىيىۋى خاھىشلار، كىشىلەر خاتىرىسىدە يېڭىچە ساقلىنىپ تۇرىدىغان تۇرمۇش دېتاللىرى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن

سىرەتلىك قاپارتمىلىق ئويمىلار گىرېك ئۇسلۇبى بىلەن يەرلىك ئۇسلۇبنى بىر-لەشتۈرۈپ، بېلىقچىلىق-مەيزاپچىلىق تۇرمۇش تېمىسىنى ئەكس ئەتكەن.

ستەيىننىڭ مىرەندىكى قىدىرىشلىرىدىن ئېلىنغان سۈرەتتە ئېچىلغاندىن كېيىنكى مىرەن بۇددا ئىبادەتخانىسى تۇۋرۇكلىرى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، گىرېك بىنا-كارلىقى تۇۋرۇك ئۇسلۇبىنى ئەكس ئەتكەن ①. بۇ خىل ئۇسلۇب ياغاچ نەقىشلەر، تۇۋرۇككە ئىشلەش سەنئىتىدە كۆپلەپ ئىپادىلەنگەن.

ئېللىنىزملىق تەسۋىرىي سەنئەت ئۇسلۇبى بۇددا ھەيكەلتىراشلىقىغا ۋە رەسساملىق سەنئىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۆزىنىڭدا، بولۇپمۇ كۇسەن سەنئەتچىلە-رى قولىدا تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلغان. فرانسىيە ئارخېئولوگى ئالفورد فۇشېنىڭ كۆر-سىتىشىچە: «قەندىھار بۇددا سەنئىتى گرېكلارنى ئاتا، بۇددىستلارنى ئانا قىلغان گىرېك- بۇددا سەنئىتىدىن ئىبارەت» بولغان. گەرچە ئالفرد فۇشې ئاشۇرۇپ سۆز-لىگەن ۋە مەھەللىي ئاھالىلارنى «بۇددىستلار» دەپ بىر تاياقتا ھەيدىگەن بولسىمۇ، ئەھۋال تەسۋىرىي ئۇسلۇب جەھەتتە ئاساسەن شۇنداق بولغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىدىكى بۇددا سەنئىتىدە گرېك ئامىللىرى ئوخشىمىغان ئوبيېكت بويىچە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن. بۇنى كونا تېرمىز (زورمالا، قاراتېپە، پەيازتېپە، دالۋەرزىن تېپە)، ئايىرتام، ئەپراسىياپ، پەنجىكەنت قاتارلىق جايلاردىن، جۈملىدىن خوتەن، نىيە، مىرەن خارابىلىرىدىن بولۇپمۇ كۈسەن بۇددا سەنئەت ئاسارلىرىدىن كۆرۈش مۇمكىن. بۇ مىڭ ئۆيلەردە بەزى بۇددا راھىپلىرى ۋىزانتىيە ئۇسلۇبىدىكى ئەيسا خىرىستوس رەسىمىگە ئوخشىشىپ كەتكەن. شۇنى كۆرسىتىش كېرەككى، كۈسەن رەسساملىرى ئېستېتىك بىر تەرەپ قىـ

---

ئەسەرلىرىنى تۇرمۇش بىلەن پەلسەپە ياراتقان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. چۈنكى، شائىرنىڭ قارىشىچە، شائىر ئۈچۈن ئېيتقاندا، تۇرمۇش — ئانا، پەلسەپە — ئاتىدۇر. شېئىر — ئەنە شۇلار ئوتتۇرىسىدا تۇغۇلغان با-لىدىن ئىبارەت. شۇڭا شائىر تالانتلىق بولۇش بىلەن بىللە يەنە بىر ھەقىقىي پەيلاسوپ بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئۇنىڭ شېئىرلىرى قىزغىن ھېسسىيات ئىچىدە يارقىن پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. ئۇ، 10 ياش ۋاقتىدىن باشلاپ ئاددىي شېئىر - قوشاقلارنى يېزىشقا باشلىدى. 14 ياشقا توشقاندا (1948 - يىلى) «قەشقەر گېزىتى»دە تۇنجى شېئىرى ئېلان قىلىندى. 1950 - يىلى ئۇنىڭ تۇنجى ھېكا-يىسى — «كېسىلگەن قولاق» ئېلان قىلىنىپ كىتابخانلار ئىچىدە ئالاھىدە تەسىر پەيدا قىلدى. شۇندىن كېيىن ئۇ ئىجادىي تالانتىنى نامايەن قىلىپ، ئەدەبىياتنىڭ تۈرلۈك ژانىرلىرىدا بىر قاتار ياخشى ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر ئۇنى 20 يىل مەتبۇئات ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلغان ئىدى. لېكىن، ئۇ، يەنىلا تىنىمسىز ئىشلىدى. چۈنكى ئارىستوتېلنىڭ بىلىم، قابىلىيەت، پەزىلەت

www.uyghurkitap.com

لىشىتا گرېكلارنىڭ تەقلىدىيەتچىلىكىنى ھېسسىي ئىپادىلەش بىلەن بىرلەشتۈرگەن، كىيىملىك رەسىملەرنى يالىڭاچ رەسىملەر بىلەن (ھەتتا كىيىمسىز رەسىملەر بىلەن) بىرلەشتۈرگەن، بىزدا ھىكايەتلىرىنى يەرلىك رېئال تۇرمۇش بىلەن بىرلەشتۈرگەن، ئىلاھىي گۈزەللىكنى ئىنسانىي گۈزەللىك بىلەن بىرلەشتۈرگەن، بۇ ئۇلارنىڭ فىزىكىلىق ۋە ئېستېتىكىلىق چۈشەنچىلىرى بىلەن، ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلىش ئەنئەنىسى بىلەن، بەدىئىي ئىجادىيەت قارىشلىرى بىلەن باغلىنىشلىق ئىدى. نەتىجىدە ئۇلار گرېك تەسۋىرىي سەنئىتى ياراتقان ئىگىزلىكتىن، قەندەھار بۇددا سەنئىتى ئىگىزلىكىدىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ھالقىپ «ۋاقتى ئۇزۇن، سەنئىتى مۇنەۋۋەر، قىممىتى يۇقىرى» ① تەسۋىرىي سەنئەت قاتلىمى ھاسىل قىلغان.

## 8

ئىللىنىزم مۇزىكا سەنئىتىدە، تىبابەتچىلىك ۋە تەبىئەت ئىلمىدە، پەلسەپە ھېكمەتتە، ئەدەبىياتتا مۇناسىپ تەسىر پەيدا قىلغان. ئارستوتىل پېرىپاتېتىزمى ئىسكەندەر دەۋرىنىڭ ھۆكۈمران دۇنيا قارىشى سۈپىتىدە خېلىلا كەڭ تارقالغان. سېلېۋكىلار سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 312—250-يىللار) يېڭى كالىندار قوللىنىلدى. مەرۋدى (مالاكاندا) تاكى ئوتتۇرا ئەسىرلەرگىچە تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم ئۇچىقى، مەرۋدى تەبىئەت پەلسەپىسى ئىلمىي ئېقىمىنىڭ ماكانى بولۇپ قالدى. گرېك ئەدەبىي ئەزوپ مەسەللىرىنىڭ تۇرپاندىن تېپىلغانلىقى، ئۇيغۇر ۋە گرېك خەلق ھىكايە-چۆچەكلىرىدىكى ئايرىم ئوخشاشلىق گرېك ئەدەبىياتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرىدىن دالالەت بېرىدۇ.

---

ۋە قىسمەتلەر توغرىسىدىكى ھېكمەتلىك سۆزى، شېكسپىرنىڭ سونېتلىرى، دوفاس قىلمىسىنىڭ «چوغلۇق» دېگەن ئەسىرى، چېۋي يۈەننىڭ «9 نەزم» دېگەن شېئىرى ئۇنى ھامان ئىلھاملاندۇرۇپ تۇردى. شۇڭا مۇشۇ دەرت-پىغانلىق كۈنلەردە «قارلىق تاغ شەجەرىسى» ناملىق يىرىك شېئىرىي رومانىنى، «چوي يۈەن» ناملىق چوڭ داستانىنى، «قۇتۇپ يۇلتۇزى» ناملىق چوڭ تىپتىكى 7 ئوپېرانى ۋە 5 بۆلۈملۈك «سەۋدايى تەئەججۇپنامىسى» ناملىق لىرىك — پەلسەپىۋى ئەسىرىنى ۋە يۈزلىگەن شېئىر-رۇبائىيلارنى يېزىپ تاماملىدى. نامى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن تېخىمۇ كۈچىنىپ ئىشلەپ، شېئىر، پروزا، نەسىر، دراماتۇرگىيە، ئەدەبىي ئوبزور تۈرى بويىچە يەنە نەچچە يۈزلىگەن ئەسەرنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە «رۇبائىيات»، «چوغلۇق»، قاتارلىق شېئىرى توپلاملىرى ۋە «قارلىق تاغ شەجەرىسى» ناملىق شېئىرىي رومانى كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. «خەلق گېزىتى»، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللاردا 100 پارچىدىن ئارتۇق ئەدەبىي ئەسىرى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ 80 پارچە ئەسىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. ئەدىب ھازىر ئۆزىنىڭ 50

شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئېللىرىمىزلىق مەدەنىيەت تارىخىي پاكىت سۈپىتىدە جاھان مەدەنىيىتى،[1] جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى مەدەنىيىتىنىڭ سېنكرېتىك راۋاجلىنىش قانۇنى — ئۆز ئارا تەسىر قىلىش-ئارىلاشمىچىلىق قانۇنىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ سوقاق يولى (يىپەك يولى)دا يۈز بەرگەن مەدەنىيەت ھادىسىلىرىدىكى مۇھىم ھادىسە سۈپىتىدە ئومۇمىيلىق قىممىتىگە ئىگە. ئەمما بۈگۈنگىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئىتى ۋە مەدەنىيىتى ئاساسەن كېلىپ چىققان، دۇنيا مەدەنىيىتى غەربتە ئاپىرىدە بولغان، غەربتىن شەرققە يۈزلەنگەن دەيدىغان بۇرژۇئازىيە «غەرب مەركەز» نەزەرىيىسى خۇلاسىسى كېلىپ[2] چىقماسلىقى؛ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى باشقا مەدەنىيەت تىپلىرى تەسىرىگە ئۇچرىمىغان دېگەن خۇلاسە كېلىپ چىقماسلىقى؛ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى باشقا مەدەنىيەت تىپلىرى-گە، جۈملىدىن گرېك مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتمىگەن دېگەن خۇلاسە چىقماسلىقى لازىم.

ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى گرېك مەدەنىيىتىگە سالماقلىق تەسىر كۆرسەتكەن يەنە بىر مۇھىم تارىخىي پاكىت سۈپىتىدىمۇ مەدەنىيەتتىكى سېنكرېتىك (ئارىلىشىش) قانۇنىيىتىنى ئىسپاتلايدۇ.

گرېكلار ئىسكەندەر زۇلقەرنەيندىن ئاللاقاچان بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. قەدىمكى گرېكلار تېخى پىيادە قوشۇندىن ھالقىمىغان، پەقەت ئات قوشقان جەڭ ھارۋىسىدا ئۆرە تۇرۇپ جەڭگە قاتناشقان ئىدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى VII ئەسىردە سىكىفلار تەسىرىدە ئاتلىق قوشۇن تەشكىل قىلغان بولسىمۇ ئاتقا مىنىپ جەڭ قىلىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى.

---

نەچچە ياشقا بېرىپ قالغىنىغا قارىماي، ھەر يىلى نەچچە ئون پارچە ئەسەرنى ئېلان قىلىپ تۇرماقتا.

[2] ئەدىب ئابدۇشۈكۈر يالقۇن ئۆزگىچە ئەدەبىي ئىستىلغا ئىگە تالانتلىق يازغۇچى — شائىرلا ئەمەس، يەنە يېتىلگەن ئەدەبىي تەرجىمان. ئۇنىڭ تەرجىمىلىرىدە ئەسلى ئەسەرنىڭ مىللىي ئۇسلۇبى ساقلانغان بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچى نامايان قىلىنىدۇ. ئۇ ھازىرغىچە «شېكسپىر سونىتلىرى»، «چوغلۇق قىز» (دوماس فىلىس)، «9 نەزىم» (چۈي يۈەن) قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەر بىلەن لى بەي، ۋاڭ ۋېي، لى چىڭ چاۋ قاتارلىق خەنسۇ كىلاسسىكلىرىنىڭ شېئىرلىرى — نەزمىلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدى.

## VI

دۇنيادىكى مەشھۇر ئالىملار دوقۇل ھالدا ئۆز كەسپى بىلەنلا بولۇپ كەتكەن ئەمەس، بەلكى ئۇلار ناھايىتى چوڭقۇر ئىجتىمائىي پائالىيەتچىلەردۇر. ئۇلار ئۆزى مەشغۇل بولۇۋاتقان كەسپىنى ئۆز مىللىتى ۋە ھەرقايسى

پەقەت ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ۋاقتىدا گرېكلار كۈچلۈك ئاتلىق قوشۇن تەشكىل قىلىپ ئۈلگۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن يەككە ئات مىنىپ جەڭ قىلىشقا كىرىشتى. ئۇلار جەڭلەردە سىكىف ۋە ساكلاردىن قوبۇل قىلغان جەڭ قوراللىرى تاشئاتقۇ (sling)، ساداقدان (Gorytus)، كۆپ ئوقلۇق ئوقيا قاتارلىقلاردىن پايدىلاندى.

ئوتتۇرا ئاسىيا يىپەك تورلىرى گرېك-رىملىقلارنى ھەيرەتتە قالدۇردى. يىپەك تېخنىكىسى ھەققىدە يېزىلغان تارىخىي مەنبەلەر بۇ تېخنىكىنىڭ شەرقتىن يېتىپ بارغانلىقىنى كۆرسەتتى.

ئوتتۇرا ئاسىيا تىبابەتچىلىك قاراشلىرى، ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراق توغرىسىدىكى تۆت زات قارىشى قارا دېڭىز بويىغا كۆچۈپ بارغان سىكىفلار ئارقىلىق ماكېدونىيە ۋە گرېتسىيىگە يېتىپ بارغان. مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، گرېك تىبابەتچىلىكىنىڭ ئاتىسى ھىپپوكرات (بەقرات) ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى قارا دېڭىز ساھىلىدىكى سىكىفلار ئارىسىدا ياشاپ، تۆت زات قارىشى ئاساسىدا «تۆت فىزىس» تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

«گرېك بويسۇندۇرغۇچىلىرى بار كۈچى بىلەن ئۇرۇنسىمۇ، گرېك دىنىي-ئېتىقادى باكتېرىيە يەرلىك ئاھالىسى ئارىسىدا كېڭەيتىلمىدى. ئەكسىچە، گرېك ماكېدونىيە ئاقسۆڭەكلىرى زارو ئاستېردىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىدى،»① «ئوتتۇرا ئاسىيا دىنىي ئېتىقادى گرېك-رىم دىنىي قاراشلىرىغا كۈچلۈك تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى خىرىستىيان دىنى تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرىمۇ چوڭ بولغان. مىترا (قۇياش ئىلاھى-ئا) غا چوقۇنۇش گەرچە باكتېرىيەدە پەيدا بولغان بولسىمۇ، كېيىنچە كىچىك ئاسىياغا، ھەتتا گرېك، رىمغا كېڭەيدى،

---

ئەللەر ئىچىدە قىرغىن قانات يايدۇرغان ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ نامى ئۆز مىللىتىنىڭلا پەخرى بولۇپ قالماي، يەنە پۈتۈن ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ پەخرى ھېسابلىنىدۇ. كومراجىۋا، سوجاۋا، فارابى، مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ناۋايى، نىزارى، ئارستوتىل، دېموكرىت، گېگېل، داۋرىن، پاۋلوۋ، ئېينشتېيىن، ئابدۇسالاملار مانا شۇنداق ئالىملار ئىدى.

يولداش ئابدۇشۈكۈر، پەيلاسوپ، ئەدىب، ئىلمىي تەتقىقاتچىلا بولۇپ قالماي، يەنە ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى بىر ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئالىم، ئەدىب، پروفېسسورمۇئەللىمنىڭ ئىلغار ئېقىمنىڭ ژەكىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، مىللىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ جەسۇر، تەدبىرلىك تەشكىلاتچىسى بولۇشى، ئۇ ھەم كەسىپ ئەھلى، ھەم تەشكىلاتچى بولۇشى لازىم.

ئۇ، ئۆزىنىڭ مائارىپ، ئىلمىي ۋە ئەدەبىي پائالىيىتىنى مىللىتىمىز ئىچىدىلا ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ قالماي، بەلكى پۈتۈن مەملىكەتكە، ھەتتا پۈتۈن دۇنياغا يۈزلەندۈردى،

ئۇ يەردىن بىرتالىيە ئاراللىرى، دوناي ۋە قارا دېڭىز ساھىلىگە تارىلىپ، خىرىستىئان دىنىي ئېراسىملىرىغا زور تەسىر كۆرسەتتى»⑧

«بۇ دەۋر مەدەنىيىتى گەرچە گرېك مەدەنىيىتى تەسىرىدە يولۇققان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئاساسى يەنىلا يەرلىك ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ئىدى»⑨ «قەدىمكى شەرق تەسىرى گرېك پەلسەپىسى، ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى قاتارلىق ھەر قايسى جەھەتلەردە كۆرۈنگەن»⑩ شەرق ئېللىنىزمى — ئوتتۇرا ئاسىيا ئېللىنىزمى مانا شۇ خىل شەرقنى، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئاساس قىلغان ۋە ئۆزگىرىپ ئۆزلەشكەن گرېك ئېللىنىزمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

1987 — يىل ئىيۇن

ئىزاھلار

① ئېللىنىزم مەدەنىيىتى گرېك مەدەنىيىتىنى، گرېكلەشكەن دۆلەتلەر دەۋرىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەتنى كۆرسىتىدۇ.

②③ «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى»، 1993 - يىل موسكۋا نەشرى، I - توم، 53 -، 391 - بەت.

④ «ئەلىشىرناۋائىي ئەسەرلىرى» 1965-يىل نەشرى، VI-توم 6-بەت

⑤ ستەيىن: «سىرىندىيا» (غەربىي دىيار ئارخېئولوگىيىلىك خاتىرىلىرى)، شائىدا تەرجىمىسى مىنگو 35-يىل نەشرى، 78-بەت، 51-رەسىم.

⑥ گېلىنا: «ئاسىيا ئىنگىزلىكىدە ئىلمىي قىدىرىش ئېلىپ بېرىش ئۆمىكىنىڭ دوكلاتى» III-قىسىم 128-بەت

⑦ ⑧ ⑨ ⑩ غاپۇرۇۋ: «ئوتتۇرا ئاسىيا تاجىك تارىخى» 1932-يىل خەنزۇچە نەشرى 96-، 55-، 9-، 53-، 98-، 55-بەتلەر

---

ئۇ «شىمالىي جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرى پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئالىي تەتقىقات جەمئىيىتى»، «جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتى»، «قۇتادغۇ بىلىك تەتقىقات جەمئىيىتى» (تەييارلىق) قاتارلىق تارىخ، ئەدەبىيات، پەلسەپە، سەنئەت، ئېتنوگرافىيە، مىللەتشۇناسلىق قاتارلىق بىر قانچە ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ تەشەببۇسكارلىرىدىن بىرى بولدى ۋە شۇ جەمئىيەتلەردە مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى.

ئۇ ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت دائىرىسىدە بىر قانچە ئون قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ ئەدەبىيات، تارىخ، گۈزەل سەنئەت، مۇزىكا، مىللەتشۇناسلىق، ئېستېتىكا، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى سېلىشتۇرما ئەدەبىياتشۇناسلىق قاتارلىق ئىلىم ساھەلىرى بويىچە ئىلمىي دوكلاتلار بەردى. ئۇنىڭ دوكلاتلىرى ھەم ئىلمىي، ھەم ماتېرىيال، ھەم دەرس ئۆگىنىش، ھەم قوزغىتىش، تەشكىللەش خاراكتېرىگە ئىگە بولدى.

پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن 1980- يىلدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىلمىي، ئەدەبىي پائالىيىتىنى خەلقئاراغا يۈزلەندۈرۈپ، كىشى قەلبىنى خۇشال قىلىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ بىر قانچە



Altunoq

# «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى

يۈسۈپ ھۈسەيىن

## «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قۇرۇلمىسى

**ھېكمەت:**

**«ئەسەرنى ئاپتورغا دەلىل قىلىش، خەلقنى خالىقىغا دەلىل قىلىش — زاھىر ئالىملىرىنىڭ ئىشى. مەھكەم ئالىملار پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. زاھىر ئالىملىرى خەلقنىڭ بارلىقىنى بىلىشتىن خالىقىنىڭ بارلىقىنى بىلىشنى پەيدا قىلىدۇ. ئەسەرنى ئاپتورغا دەلىل قىلىپ ئاپتورغا ئىشىنىشكە ھۆكۈم قىلىدۇ. كامالەت دەرىجىلىرىنى كەزگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەسلى خىرسۇسىيىتى بولغان دەۋەت قىلىش نۇرىغا يەتكەن ئالىملار مۇتەجەللى ھاسىل بولغاندىن كېيىن بىزىۋالدىسۇ ھەقىقىي ئەسەر پەيدا قىلغۇچى خۇداغا ئىشىنىشنى پەيدا قىلىدۇ. كىشى دوست تىزتقان كىشى بىلەن بىلىدۇر. ئاللا بىلەن ئادەم سوت بىلەن شېكەرگە ئوخشاشتۇر.»**

**«مەكتۇبات» دىن**

---

يىلىدىن بېرى سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ياپونىيە، ئەنگلىيە، تۈركىيە ئالىملىرى بىلەن ئىلمىي سۆھبەتلەردە بولدى. ئۇ 1982 - سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدا بولغاندا سوۋېت ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، ئۇيغۇر ئالىملىرى بىلەن ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىلمىي مەسىلىلەر بويىچە قىزغىن پىكىرلەشتى. مۇزەپپەر خەيرۇللايېۋ، خوجەخمەت سەيىدۋاققاسوۋ، پەيزۇللا كاراماتوۋ، ئەزىز ئايىدىنوۋ قاتارلىق ئالىملار بىلەن بولغان ئىلمىي ئۇچرىشىشلىرى ياخشى ئىنكاس قوزغىدى.

ئۇ 1986 - يىلى 10 - ئايدا ياپونىيە ئۇلۇغ ئوكيان پەنلەر ئاكادېمىيىسى، كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى، ياپونىيە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پوندى قاتارلىق ئىلمىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ تەكلىپى بويىچە ياپونىيىدە ئىلمىي زىيارەتتە بولۇپ، «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «12 مۇقام» تېمىسى بويىچە 3 قېتىم ئىلمىي لېكسىيە ئوقۇدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلمى بويىچە تۇنجى قېتىم چەت ئەلدە ئىلمىي لېكسىيە ئوقۇغان ئالىم بولۇپ قالدى. ياپونىيە ئالىملىرى ئۇنىڭ ئىلمىي كارچىگە يۇقىرى باھا بەردى. ئۇ بۇ يىل ە-

«قۇتادغۇ بىلىك» — قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز «قۇتادغۇ بىلىك» ئارقىلىق يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراشلىرى ئىچىدىكى جەمئىيەتنى ۋە ئۇنىڭ ئىنكاس قىلىنغان ئاپتور ۋۇجۇدى ئىچىدىكى تەبىئەتنى كۆرسىتىشتىن ھەم ماكرولۇق ھەم مىكرولۇق جاھاننامە.

بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن «قۇتادغۇ بىلىك»دىن ئىبارەت ئەسەرنى ئاپتورنىڭ ئۆزىگە ھەۋالە قىلىپ، ئادەم ئاساسەن تۆت بۆلەكتىن (باشتا «تۆرتلىكلەر» شۇنىڭ ئىچىدە) تەركىب تاپقاندەك ئەسەر قۇرۇلمىسىنى تۆت بۆلەككە ئايرىپ تەكشۈرۈپ چىقىمىز:

1. كىتابنىڭ «باش» بۆلىكى ھەققىدە

كىتابنىڭ «باش» بۆلىكى ئۈچۈن ئەسەردىكى ئاللا، پەيغەمبەر، چاريار، يۇلتۇز-لار ۋە باھار مەدھىيىلىرىنى ئايرىش مۇمكىن.

① ئاللا ھەققىدە: يۈسۈپ خاس ھاجىپ نەزىرىدە ئاللا ئالەمدىن ۋە ئادەمدىن ئاشقىرى غايىبانە ئۇلۇغ كۈچ. ئۇنىڭ زامان، ماكان چەكسىزلىكى يوق. ئالەمدىكى، ئادەمدىكى بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى ئوبرازلار شۇ ئۇلۇغ كۈچنىڭ ئىزىدۇر. ئەمما ئەقىل شۇ كۈچنىڭ ئۆزىنى بىلىشتىن يىراق. بىز پىكىرنى تۈرلەندۈرگەندە، ئادەم ھەتتا يەر شارى خۇددى ئانىنىڭ قورسىقىدىكى ھامىل ھۈجەيرىگە ئوخشايدۇ. ھامىل ھۈجەيرە بالىياتقۇدىن ئۆزىگە ئۆتكەن تەسىرنىلا بىلىدۇ. لېكىن ئانىنى ۋە ئاتىنى بىلمەيدۇ. ئەمما ئاللانىڭ جىنسى پەرقى يوق. ساندىن، سۈپەتتىن ئاشقىرى

---

ئايدا ياپونىيە كوبى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى خورى ئەپەندىنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى بولدى. ھازىر خورى ئەپەندى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ بىلىم ئاشۇرماقتا. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن ئىززىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا ئېتنولوگىيە تارىخى»، «ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى تارىخى» دېگەن ماۋ-زۇلاردا دەرس ئۆتمەۋاتىدۇ. دېمەك، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدە چەت ئەلدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئاسپىرانت قو-بۇل قىلغان تۇنجى پروفېسسور بولۇپ قالدى. بۇ بىر ئالاھىدە ۋەقە سۈ-پىتىدە ئۇيغۇر يېڭى دەۋر مائارىپ تارىخىدا يېزىلىشقا تېگىشلىك.

x x

دۇنيادا تولۇق مۇكەممەللىك مەۋجۇت ئەمەس، شۇنداقلا كەمچىلىك، يېتەرسىزلىكلەردىن تامامەن خالىي ئادەم يوق ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ مە-نىۋى دۇنياسى ۋە ئەسەرلىرىنى نۇقساندىن خالىي دېيەلمەيمىز. لېكىن تارىخ ھامان ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى بەزىبىر نۇقسانلارنى كەچۈرۈم قىلىدۇ. ئۇ، ئۆز ئەسەرلىرىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى پەقەت ئۆزى تولدۇ-

ئاللا ئالەمنى يارىتىپلا روھىنى ئالەمگە سىڭدۈرۈۋەتكەن. ھازىرقى زامان ئاسترونوم-لىرى ھازىر بىلىپ يەتكەن سامان يولى سىستېمىسىنى بىر خىل ماگنىتلىق ئۈيۈللۈق،[1] ئۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە بىر خىل «فرتون» لىق بىرىشلىق بار. ئۇنىڭدا تارتىلىش، تارتىشىش، بېسىم، ئېغىرلىق يوق. شۇڭا نەچچە مىليارد توننا ئېغىرلىقتىكى ئۇلۇغ-ۋار سەييارىلەر خۇددى بىر تال پەيدەك يېنىك ھالدا ئۆزىدىن تېخىمۇ چوڭ سەييارىغا قىلىدىن ئىنچىكە ماگنىتلىق رىشتە بىلەن تارتىلىپ تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاللا توغرىسىدىكى قاراشلىرى ئەنە شۇنداق ئالەم قەۋەتلىرىنىڭ سىرىغا تاقىلىدۇ. ئاللانىڭ روھى ئەكس ئەتكەن ئادەم ئالەمگە نىسبەتەن بىر مىكرو ھۈجەيرە بىرلغان بولسا، ئادەمنىڭ ئەقلى ئادەم ۋۇجۇدىدىكى ھۈ-جەيرىلەرگە نىسبەتەن ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرگۈچى بىر نەقىل.

② پەيغەمبەر ھەققىدە:

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇھەممەت پەيغەمبەرگە ئۆز دەۋرىدىكى بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسىدىكى ئادەملەرچىلىكنىڭ ئالىيجانابلىقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى غايىۋى سۈپەتلى-رىنى بەرگەن. يەنى مۇھەممەت پەيغەمبەرگە ئۇممەتلىرى (ۋەتەن) ئۈچۈن بارلىقىدىن كەچكەن. مولايىم، كۆيۈنگۈچى، يېتەكلىگۈچى قاتارلىق سۈپەتلەرنى بەرگەن. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، كىلاسسىكلار تىلىدا ئادەم دېگەن ئۇقۇم بىلەن ئەدەم دېگەن ئۇقۇم پەرقلىق. ئادەم ئۇقۇمى ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنى ئۆزلەش-

---

رىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىزىنى باسىدىغانلار تولدۇرۇپ ماڭىدۇ.

ئۇ بۇ يىلى 53 ياشقا كىرىپ قالدى. ئۇنىڭ جىسمانىيىتى بەزىبىر كېسەللىكلەرنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلمەكتە. مىللىتىمىزنىڭ روھىي دۇنيا-سىدا ساقلىنىۋاتقان كۆرەلمەسلىك، ئورا كولاش، چېقىمچىلىق قىلىشتەك ئىللەتلەر ئۇنىڭغا ھامان خىرىس قىلىپ تۇرىدۇ. لېكىن، ئۇ تارىخنىڭ، دەۋرنىڭ، ھەقىقەتنىڭ، مىللىي روھنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئۆز - ئۆ-زىگە تېخىمۇ چىڭ ئىشەنچ باغلاپ، يەنىمۇ جەسۇرانە قەدەملەر بىلەن ئالغا قاراپ ئۆرلىمەكتە. خەلق ئۇنىڭدىن تېخىمۇ كۆپ ھوسۇل كۈتمەكتە. شۇڭا بۇ كۆپ تەرەپلىمە ئىستېداتلىق ئالىم، پروفېسسور ۋە ئەدىب ھازىر يەنە يېڭى تېپتىكى تېمىلار ئۈستىدە ئىشلىمەكتە. بۇ تېمىلار، «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى»، «شېئىرىيەت ئېستېتىكىسى»، «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تاش كېمىر سەنئىتى» قاتارلىق تەتقىقات ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت. ئۇ يەنە ئوتتۇرا ئەسىردىكى پارس-تاجىك شائىرى ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى-نىڭ كاتتا ئەسىرى «شاھنامە» نىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلىمەكتە.

تۇرسۇن قۇربان

1987-يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

تۇرگەن ھەر بىر ئادەم ئارزۇ قىلغان سۈپەتلەر توپلىمى. كىلاسسىكلاردىن بىرى مۇنداق يازىدۇ: «پاك ئۇستىخان ئاللا ئۆز زاتىنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە كامالەتلىرىنىڭ ئاشكارا قىلىنىشىنى شەيئىلەرنىڭ كۆرۈنۈش ئورنىدا كۆرسىتىشنى خالىغان چاغدا ئادەم شۇ كامالەتلەرگە قارىمۇ - قارشى بولۇپ، ئۇنىڭغا دىققەت بەرمەكلىك بىلەن غەمەلەردىن قۇتۇلماقچى بولىدۇ. ئادەم مەرتىۋىلىرىدە ئۇ كامالەتكە ئەينەك بولۇش ئۈچۈن، ھەر بىر كامالەتكە شەرتلەرنى بۇيرىغان. چۈنكى بىر نەرسىنىڭ ئەينىكى شۇ نەرسىگە قارشى بولۇپ، ئۇ نەرسىنىڭ كۆرۈنۈشىگە سەۋەبچىدۇر» يۈسۈپ خاس ھاجىپ: مۇھەممەت يولىنى تۇتقانلار ئىككى ئالەمنى تۇتقان بولىدۇ ۋە ھەر ئىككى ئالەمدە بەختلىك بولىدۇ. دەپ مۇھەممەت پەيغەمبەرنى تەرەققىيات يولىنىڭ چىرىقى دەپ ئۇلۇغلىغان.

③ چارىيار ھەققىدە:

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئابابەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى قاتارلىق تۆت چارىيارنى ھاياتلىقنى تەشكىل قىلغان «تۆت ئاساس» بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۇلۇغلىغان. باشقا بەزى دىنىي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، مۇھەممەت پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ شەرىئەت قاراشلىرىنى ئابابەكرىگە، تەرىقەت قاراشلىرىنى ئۆمەرگە، مەرىپەت قاراشلىرىنى ئوسمانغا، ھەقىقەت قاراشلىرىنى ئەلىگە سىڭدۈرگەن ۋە ئۇلارنىڭ ماسلىشىپ بىرلىك ھاسىل قىلىشىنى تەشەببۇس قىلغان. ئەمما بۇ تۆت ئۇقۇم ئادەتتە ئىسسىق، سوغۇق، ھۆل، قۇرۇق ئۆز ئارا زىت بولغاندەك چارىيارلارمۇ كېيىن زىتلەشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى بىرلەشتۈرۈش مۇمكىنچىلىكى تەبىئەت ئىلمى ۋە جەمئىيەت ئىلمىدە مەلۇم بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ھەقتە توختىلىپ، ئەگەر بۇ ھەل قىلىنسا بىر - بىرىگە دۈشمەن ئامىللار دوستلۇق ئامىللىرىغا ئايلىنىدۇ. ئوت بىلەن سۇ قېرىشقاندەك بۆرى بىلەن قوي ئىناق بولغاندەك بولىدۇ، دېگەن پىكىرنى ئالغا سۈرگەن. بىراق ھازىرغىچە بۇنداق ئۈمىدۋار قاراشقا ھەقىقىي ئىشەنگۈچىلەر يوق دېيەرلىك. ئوت بىلەن سۇ قوشۇلمايدۇ، بۆرى بىلەن قوي ئىناق بولمايدۇ دەپ ئىلىم كۆچكە ئەل قارايدۇ. ئەمما ئوت بىلەن سۇ قوشۇلسا سۇ چايغا ئۆزگىرىدىغان ئادەتتىكى پاكىتنى ئويلىمايدۇ ۋە ئەگەر بۆرىنىڭ يېمەك ئادىتى باشقا بىر خىل ئوزۇقلۇققا ئۆزگەرتىلسە قوي بىلەن ئىناق ئۆتۈشى مۇمكىنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ. ئەمما، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» تە دەل مۇشۇنداق ئىلمىي مەسىلىنى تەجرىبە تەرىقىسىدە ھەل قىلىش نەتىجىسىنى شېئىرگە ئايلاندۇرغان ۋە تۆت ئاساسنىڭ بىرلىكىدىن ھاياتلىق كېلىپ چىققان دېگەن تۈپكى ھۆكۈمنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇلۇغ بىلىش بىناسىنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەم سوققان.

4. يۇلتۇزلار ھەققىدە:

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇلتۇزلار ھەققىدە 12 بۇرجنىڭ ئۈچتىن جۈپلىنىپ يەر شارىدىكى تۆت پەسىلگە ئاساس بولىدىغانلىقىنى، تۆت پەسىلنىڭ مىجەزى ئادەمدىكى تۆت خىلتقا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى، 7 يۇلتۇزنىڭ ئادەملەرنىڭ تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئالەم بىلەن ئادەمنىڭ بىرلىكى توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرنى ئاسترونومىيە، گېئولوگىيە، بىئولوگىيە، فىزىئولوگىيە ۋە ھەتتا پىسخولوگىيە، ئېدىئولوگىيە ئىلىملىرى بىلەن سىستېمىلاشتۇرماقچى بولغان، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شۇنى مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئالەم بوشلۇقىنى كۆزەتكۈچى تېلېسكوپ قاتارلىق ئەسۋابلار بولمىغانلىقى ۋە ئاسمان تونلىرىدە يۇلتۇزلار ھەرىكىتىنى كۆزىتىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن سۇبيېكتىپ چۈشەنچىدىن ئىبارەت بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ بىلىشنىڭ سۇبيېكتىپ ئاساسلىرىنى تۆۋەندىكىدەك كۆرۈش مۇمكىن. كىلاسسىكلار «تۆت تادە» نىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئىپادىسىنى-مەسىلەن پەسىلنىڭ، ۋەسىلنىڭ ئۈچ تادۇنى، ئۈچ پەسلىنى، ئۈچ ۋەسلىنى بىرلىك قىلىپ نىسپىي رەۋىشتە ئايلىنىدىغانلىقىنى يەكۈنلىگەن. مەسىلەن: باھار پەسلى قىش پەسلى بىلەن ياز پەسلىنىڭ يەنى ھۆللۈك ئىسسىق-سوغۇق زىتلىقى ئارىسىدا تۇرىدۇ. سەھەر ۋەسلى كېچە - كۈندۈز ئارىلىقىدا يەنى ھۆللۈك سوغۇق بىلەن ئىسسىقنىڭ ئارىسىدا تۇرىدۇ. مۇشۇنداق مۇقىملىق ۋە ئەسلى «تۆت تادۇ» بىلەن نىسپىي ۋە ئەمەلىي «ئۈچ تادۇ» قوشۇلسا يەتتە بولىدۇ. ياكى كۆپەيتىلسە 12 بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ، كۈندىلىك تۇرمۇش پاكىتلىرىدىن ئېلىنغان نەزەرىيىۋى قاراش، مەنتىقە بويىچە ئالەملىك مۇناسىۋەتكە كېڭەيتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: بىر يىل 12 ئاي، ھەر 3 ئاي بىر پەسىل مەزمۇنى قىلىپ ئايرىلغان. شۇنداقلا، بىز بىر سوتكىنى ھەر ئىككى سائەتنى بىر سائەت قىلىپ ئۆزگەرتسەك ئۇ چاغدا بىر سوتكا 12 سائەت بولىدۇ ۋە بىر يىل بىلەن بىر سوتكا مۇناسىۋىتى، 12 ئاي بىلەن 12 سائەت مۇناسىۋىتى ئىزدىلىشىدۇ. شۇنداقلا بىر يىل تۆت پەسىلگە ئايرىلغاندەك بىر سوتكىمۇ تۆت ۋەسىل. (تون، چۈش، ئەتىگەن، كەچقۇرۇن) گە ئايرىلىدۇ. بۇ ھەقتە مەن مەزكۇر ماقالىنىڭ بېشىدا توختالغان. ئەمدى 7 يۇلتۇز مەسىلىسىگە كەلسەك، بىزنىڭدىمۇ بىرخىل سۇبيېكتىپ چۈشەنچىنىڭ ئوبيېكتىپ يۇلتۇزلار خاراكتېرىگە ئۆزگەرتىلگەن. ئەمەلدە بولسا ئادەم بېشىنى ئالساق، ئىككى قۇلاق،



AltunOq

ئىككى كۆز، ئىككى بۇرۇن، بىر ئېغىز قاتارلىق ئەزالارنىڭ سانى يەتتە خىل بولۇپ، بۇ يۇقىرىقى يەتتە ئۇقۇمنىڭ بەدەن ئاساسىدىن ئىبارەت.

ئەگەر بىر بىلىم ئىگىسى يۇقىرىقى زامان، ماكان قەۋەتلىرىنى بىلسە ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىپ شەرتلىرىنى بېجىرسە ھاياتنىڭ تۆپكى سىرىنى تۇتقان بولىدۇ.

⑤ باھار مەدھىيىسى:

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «باھار پەسلى» مەدھىيىسىدە يېڭى ئۆرلەپ چىققان قىز-ياش ئاستىدىكى تاغ - دەريالارنىڭ گۈزەللىكىنى، جانلى - جانىۋارلارنىڭ ئەركىن، ئازادە ھاياتىنى زوق بىلەن تەسۋىرلىگەن ۋە بۇنداق گۈزەل دۇنيانىڭ يېڭى چىققان كۈنگە ئوخشاش بۇغراخانغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىپادە قىلغان.

يۇقىرىقى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، يۇقىرىقى تۆت مەسىلە تولۇق ھەل قىلىنسا بىلىش باھارى باشلىنىدۇ. يەنى ئادەم تۆتى تاشقى دۇنيادا، تۆتى ئىچكى دۇنيادا بولغان «جەننەت» كە كىرگەندەك بولىدۇ.

3. «كۆكرەك» قىسمى ھەققىدە

كىتابنىڭ بۇ قىسمىدا ئەقىل، بىلىم، پەزىل، تىل توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلەر سىستېمىسى كىرگۈزۈلگەن.

① ئەقىل ھەققىدە: يۈسۈپ خاس ھاجىپ «ئەقىلنى ئادەمگە ئاللا بېرىدۇ» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن. لېكىن بۇنى چۈشەندۈرمىگەن. چۈنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاللا ئەقىلدىن تاشقىرى دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، مەسىلىنى بىر خىل ئەقىدە قىزغىنلىقى بىلەن چەكلەپ قويغان. ئەمما، بىز مۇھەممەت پەيغەمبەرگە كەلگەن «قۇرئان» نىڭ ئەقلى قاراشلىرىنى جىبرىئىل يەتكۈزگەن، دېگەن چۈشەنچە بويىچە قارىغاندا، ئەقىل - پەزىل ۋە ۋەسىل تەكشۈرۈلگەنلىكى، جىسمانلىق بىلەن ھەرىكەت تەكشۈرۈلگەنلىكى، تەمكىنلىك بىلەن ئەركىنلىك بىرلىكى گەۋدىلەنگەن زامان، ماكاندىكى ئىلھام سەۋەبلىرى ئىكەنلىكىنى ئەقلىنىڭ مەنبەسى يەنى «جىبرىئىل»نىڭ گەۋدىلىنىش ۋاقتى ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىمىز.

② بىلىم ھەققىدە: يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالەم مىسالىرى بىلىم مەنبەسى ئىكەنلىكىنى، بىلىم ھەر قانداق بايلىقتىن يۇقىرى تۇرىدىغان بايلىق ئىكەنلىكىنى، باشقا ھەر قانداق بايلىق كېلىپ كەتسىمۇ ئەمما ئىگىلىگەن بىلىمنىڭ ئادەم ئۆمرى بىلەن قالىدىغانلىقىنى ۋە ئەۋلادقا ئۆتىدىغانلىقىنى يازغان. شۇنداقلا بىلىم ئارقىلىق ئادەم، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت زىتلىقلىرىنى توغرا تونۇپ، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە ئۆزىنى ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق «دوزاخ» دەرۋازىسىنى قۇلۇپلاپ، جەننەت ئىشىكىنى ئاچقىلى بولىدىغانلىقىنى يازغان. بىلىم تاشقى دۇنيانىڭ مىڭمەزدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىزلىرى ۋە بىز ئىزلارنىڭ تىلىمىزدىكى ۋە كىتابىتىكى ئىپادىلىرىدىن ئىبارەت تاشقى دۇنيا ئوبيېكتىپ لېكىن ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ قۇرۇلمىسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن ئىنكاس ئوخشاش بولمايدۇ. ۋە پايدىلىق ۋە زىيانلىق تەرەپكە ئايرىلىدۇ. بىلىم بىر مۇھىتتىن ئىككىنچى بىر خىل مۇھىتقا ئۆزگىرىش جەريانىدىكى ئېرىشچانلىقتىن كېلىدۇ. بىلىم نادانىنى ئاقىل قىلىدۇ. ھايۋاننى ئادەمگە ئۆزگەرتىدۇ. بىلىم ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا نىسبەتەن خۇددى ئېلېكترون ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق دۇنياغا تىلا-نى ھەركەتلەندۈرۈپ باشقۇرغانغا ئوخشاش رول ئوينىسا، جەمئىيەتكە نىسبەتەن پۈتۈن جەمئىيەتنى تۈرتۈپ تۇرىدىغان مەنىۋى رىشتىدۇر، بىلىم ئىككى دۇنيانى تۇتاشتۇرالىدۇر.

③ پەزىل ھەققىدە: يۈسۈپ خاس ھاجىپ نەزىرىدە پەزىل (ئەخلاقى پەزىلەت) ئۆزگىگە قىلىنغان ياخشىلىق — مەھەببەت، ھىممەت بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

بۇ، يارەم قىلىش، ھەمداشلىق قىلىش، ساخاۋەت قىلىش، ھەمكارلىشىش، ھەتتا زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆزىنى قۇربان قىلىش مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ياخشىلىق — ئۆز ئارا مۇناسىۋەتتىن قۇرۇلغان ھاياتىي كۈچنىڭ قىممىتىنى ئىپادە قىلالىغۇچى بىلىش ۋە پائالىيەت بولۇپ، بىر ئادەم ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ قىلغان ياخشىلىقى تۈپەيلىدىن ئىككىنچى ئادەم بىرىنچى ئادەمدىن رازى بولىدۇ. بۇنداق رازىلىقنى بىلگەن بىرىنچى ئادەم ھۇزۇرنى بىلىدۇ. ئەگەر بۇنداق ياخشىلىق روھى كۆپەيسە، خۇددى قۇياش نۇر - ھارارەت چېچىپ ئەتراپىنى جەلپ قىلغانغا ئوخشاش بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزگىگە قىلىنغان ياخشىلىق پەزىل بولىدۇ، دېگەندە، بۇنداق ياخشىلىق ئاساس بولغان ئۆزىدىكى ئىمكانىيەتنى يارىتىش ئۈچۈن ئۆزگە مېھنەت ۋە بىلىم جاپاسىنى سىڭدۈرۈشكە جۈرئەت قىلىش لازىم. دەپ قارايدۇ ۋە بۇنداق پەزىل ئاساسىنى يارىتىش ئۈچۈن ئادەمدە سەۋرچانلىق روھى بولۇشى لازىم. سەۋر روھى— مەيلى ئازابتا، مەيلى ئارامدا، مەيلى شاتلىقتا، مەيلى ئاچچىقتا بولمىسۇن، تاشقى دۇنيا تەسىرلىرىنىڭ ئۆزىگە سىناق ۋە چېنىقىش شەرتلىرى دەپ قاراشنى ئاساس قىلىدۇ.

④ تىل ھەققىدە:

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادەمنىڭ تىل كۈچىگە ئىنتايىن دىققەت قىلغان ۋە تىلنى ئادەملەرنىڭ مۇھىم سۈپىتى ۋە مۇھىم ئالاقە قورالى، دىلنىڭ ئىپادىسى، ئەقىل كۈچىنى، بىلىم سۈپەتلىرىنى ئىزھار قىلغۇچى پەزىلەت شەرتلىرىنى ھەل قىلغۇچى تەرىقىسىدە ئۇلۇغلىغان. ئەقىل تەرەپتىن بېيىندۇرۇلغان تىلنى كېيىنكى ئەقلىگە بويسۇنمايدىغان تىلنى ئارسلانغا ئوخشاتقان.

ئومۇمەن كىتابىنىڭ «كۆكرەك» قىسمىدا بايان قىلىنغان يۇقىرىقى تۆت مەسىلە تۆت ئىلىم خاراكتېرىنى ئالغان. مەسىلەن: ئەقىل شەكلى ئىلىم مەسىلىسى بولۇپ،

ئەقىل شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بىلىم تەبىئەت ۋە جەمئىيەت نەقىللىرىنى سېلىشتۇرۇشتىن هاسىل بولىدۇ. شۇڭا بىلىمنىڭ ئۆزىنى بىلىشنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت تەرەققىيا-تىدىكى ئاساسى ئىلىم. تىل ۋەسىلى ئىلىم قاتارىغا كىرىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق ئەمەلىي ئۆزگىرىشنىش (ۋەسىل) تىل قۇرالىنى ۋاستە قىلىدۇ.

بۇ ئارىلىقتا، نىمە ئۈچۈن يۇقىرىدىقىلارنىڭ «كۆكرەك» بىلەن سېلىشتۇرغانلىقى ھەققىدە توختىلىش زۆرۈر. كۆكرەكتە — ئۆپكە بىلەن يۈرەك ئورۇنلاشقان ۋە ھاياتلىقنىڭ مۇھىم ئاساسي نەپەس قانۇنى يوشۇرۇنغان. ① يۇقىرىدىقى تۆت ئامىل ھامان ئادەمنىڭ كۆكرىكىدىكى ئۆپكە بىلەن يۈرەككە تەسىر قىلىدۇ. ② كۆكرەكتىكى نەپەس قانۇنى — ئالەمنىڭ ماكرو قانۇنىنىڭ مىكرولۇق ئىپادىسى. نەپەسنىڭ كىرىش - چىقىشى ۋە نەپەس ئارىلىقلىرىدىكى توختىلىش تۆت باسقۇچلۇق خاراكتېرگە ئىگە. بۇ تۆت باسقۇچتا يۇقىرىدىقى تۆت تەرەپنىڭ ئەمەلىي مەزمۇنى سۈبيېكتىپ جەھەتتە سىڭدۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: نەپەسنى تەڭشەش — ئەقلى كۈچ. نەپەسنىڭ تۆت باسقۇچلىقىنى بىلىش ۋە تەڭشەش — بىلىم. نەپەس ئارىلىقىدىكى توختاش ۋاقتىدا مېڭىدىكى ۋە بەدەندىكى سېزىم ھەرىكىتىنى، تۇيغۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەڭشەش پەزىل بولىدۇ. تەڭشەلگەن نەپەس رىتىمى تىل ۋە نۇتۇق ئاھاڭدارلىقىنىڭ، تەلەپپۇزنىڭ ئاساسي.

٥ - كىتابنىڭ «قوشاق» بۆلىكى ھەققىدە:

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «كۆكرەك» بۆلىكىدىكى ئەقىل، بىلىم، پەزىل، تىل ئوفرە-سىدىكى نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنى ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ھەزىم قىلدۇرۇش ئۈچۈن ٦ پېرسوناژ مۇناسىۋەتلىرىنى — كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىش، كۆسەمىش، قومارۇ مۇناسىۋەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

بۇ ٦ پېرسوناژ ئىچىدە تۆت ئوبراز ئاساسي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. كۆسەمىش بىلەن قومارۇ غەل - يال كۆرۈنۈپ ئۆتىدۇ.

كىتابتىكى تۆت ئوبراز مەسىلىسى كىتابنىڭ ئاساسلىق قىسمى. شۇڭا، بۇ مۇ-ناسىۋەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىككى تەرەپتىن تەكشۈرىمىز:

١. بۇ تۆت ئوبراز مۇناسىۋىتىنى مېڭىسىنىڭ تۆت قەۋىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قايىلى.

XIII ئەسىردىكى ئىرانلىق شەيىخ ناسىردىن تۈزىش «قىيۇرنان» دىكى سۇ، سوت، ھەسەل، مەي دېگەن بىلىش ئۇقۇملىرىنى مېڭە قەۋەتلىرىگە تەقسىم قىلغان. بۇ پىكىرنى ئامېرىكا فىزىئولوگلىرى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىنىقلىغان. مەسىلەن ① چوڭ مېڭە، ئادەمگە خاس، بۇ، سۇ خۇسۇسىيەتلىك بىلىش ئورنى. ② ئوتتۇرا مېڭە سوت ئەمگۈچى ھايۋانغا خاس. بۇ، سوت خۇسۇسىيەتلىك بىلىش. ③ كىچىك مېڭە ھاشارەتلەرگە خاس بۇ، ھەسەل خۇسۇسىيەتلىك بىلىش. ④ مېڭە يادروسى ھۇجەيرىگە

خاس. بۇ، مەي خۇسۇسىيەتلىك بىلىش. ئەمەلدىمۇ يۇقىرىدىكى تۆت ماددا ئايرىم-ئايرىم ھالدا مېڭىگە تەسىر قىلىدۇ. بۇ تۆت قەۋەت مېڭىنىڭ تەرەققىياتى بىر پۈتۈن بولسىمۇ ئەمما نىسبەتلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئادەم سۈپەتلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىدىكى مۇھىم تەرەپلىرىنىڭ بىرى. بۇ جەھەتتىن كۈنتۇغدىنى سۈ دەرىجىلىك بىلىشكە، ئايتولدىنى سۈت دەرىجىلىك بىلىشكە، ئۆگدۈلمىشنى ھەسەل دەرىجىلىك بىلىشكە، ئودغۇرمىشنى مەي دەرىجىلىك بىلىشكە ئورۇنلاشتۇرۇش مۇمكىن.

2. بۇ تۆت ئوبراز مۇناسىۋىتىنى پۈتۈن بەدەننىڭ تۆت بۆلىكىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ باقايلى. كۈنتۇغدى باشقا، ئايتولدى كۆكرەككە، ئۆگدۈلمىش قوساققا. ئودغۇرمىش تۆۋەنگە (پۇت تەرەپكە) ئۇدۇل كېلىدۇ. مەسىلەن. كۈنتۇغدى «باش»، ھەممىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ ۋە بەدەننى ئىدارە قىلىدۇ. ئايتولدى كۆكرەكتە نەپەس قادىنى ئارقىلىق باشنى ئوكسىگېن (بىلىم) بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. نەپەس بېسىمى قوساقنىڭ ھەزىم ھەرىكىتىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ. ئۆگدۈلمىش- «قوساق» بارلىق تاماقنى ھەزىم قىلىپ، ئۇنىڭدىن قۇۋۋەت ئىشلىگەندەك، جەمئىيەتكە ئارىلىشىپ جەمئىيەت تەسىرلىرىنى ھەزىم قىلىپ، پائالىيەت كۈچى ھازىرلايدۇ. ئودغۇرمىش تۆۋەن (پۇت) تەرەپتە — جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا مەخپىي ئىبادەت بىلەن ياشايدۇ.

ئەمدى كىتابتىكى پېرسوناژ ئىسىملىرىنىڭ مەناسى ھەققىدە توختىلايلى.

ھەممىمىزگە مەلۇم، «كۈنتۇغدى» بىلەن «ئايتولدى» ئىسىملىرىدىكى كۈن بىلەن ئاي ئاسمان سەييارىسىنىڭ ئىسمى. ئودغۇرمىش بىلەن ئۆگدۈلمىش ئىسىملىرىمۇ يۇلتۇزلار نامى بىلەن باغلانغان. مەسىلەن: «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەسلى تىلىدا ئۆگ، ۋە ئۆرد ناملىق يۇلتۇز ئىسىملىرى توغرىسىدا يىپ ئۇچى بار. ئىزدىنىش ۋە بىشارەتتىن مەلۇم بولىدىكى، ئۆگدۈلمىش — كەچقۇرۇن ھەممە يۇلتۇزلاردىن بۇرۇن چىقىدىغان ۋە ئادەمنى كەچقۇرۇننىڭ سۈكۈت قىلغۇچى دەملىرىدىكى تەپەككۇرىنى قوزغايدىغان «ئۆگ» ئاتلىق يۇلتۇز بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئودغۇرمىش-سەھەردە ھەممە يۇلتۇزلاردىن كېيىن ئۆچىدىغان، ۋە قۇياشنىڭ چىقىشىنى كۈتىدىغان ئۆرد يۇلتۇزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

كىتابنىڭ «قوساق» بۆلىكىدە ھەممىدىن كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەن تەرەپ ئۆگدۈلمىش بىلەن ئودغۇرمىش ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگلار، بۇ دىئالوگلاردا ئۆگدۈلمىش جەمئىيەتنىڭ ھەر خىل تەبىقىلىرى بىلەن قانداق مۇناسىۋەت قىلىش توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بىر ئادەم جەمئىيەتنىڭ ھەر خىل تەبىقىلىرى بىلەن ئۆزىگە لايىقىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن مېڭە ئارقىلىق ھەر خىل تەسىرلەرنى ھەزىم قىلىش مەنىۋى كۈچىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى ھەر خىل مۇناسىۋەتلەردە تۇرمۇشتا ھاسىلىشىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلەش-

گەن ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆنۈش ئۈچۈن ھەر خىل تۇرمۇش قائىدىلىرىدىكى ئو-
زۇقلىنىش ئادىتىگە ماسلىشىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن قۇرساقنىڭ ھەزىم قىلىش كۈچى
ساغلام بولۇشى شەرت. بۇ — ئۆگدۈلمىشنى «قۇرساق» قا ئوخشاتقانلىقنىڭ سەۋەبى.

4- كىتابنىڭ «تۈۋەن» بۆلىكى ھەققىدە:

يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىتابنىڭ «تۈۋەن» بۆلىكى بولغان ئاخىرقى قىسمىدا ياشلىق سېغىنىشلىرى، قېرىلىق ئېچىنىشلىرى، زاماندىن رەنجىشلىرى ۋە ئەندىشىلىرى قاتارلىق ھېس - تۇيغۇلىرىنى بايان قىلغان. بۇ بۆلەك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ نېمە ئۈچۈن يۈسۈپ خاس ھاجىپ بولۇپ قالغانلىقىنى، يەنى ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شاھلىق تەختىدىن ۋاز كېچىپ زاھىتلىق يولىنى تاللاپ ئالغانلىقىنىڭ سىرىنى ۋە ھەتتا شەخسىي ھاياتىدىكى سىرىنى چۈشىنىشكە بىۋاسىتە ماتېرىيال بولىدۇ.

## «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئەنئەنىۋى ئاساسلىرى

ھېكمەت:

«خۇدانىڭ خەلىلى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆلۈكلەرنى خۇدانىڭ تىرىلدۈرۈشىگە جەزمەن ئىمان ئېيتىشى بار تۇرۇپ، ئۇ تىرىلدۈرۈشكە دىلىنىڭ ئارام ئېلىشى ھاسىل بولسۇن ئۈچۈن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشنى كۆرسىتىشنى خۇدادىن سورىغانلىقىنىڭ سەۋەبى مۇشۇ جايدىندۇر.»

«قۇتادغۇ بىلىك» ھەرگىز يالغۇز ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام ئەخلاقى ئەنئەنىلىرىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، بەلكى شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇب مەدەنىيەت ئېقىملىرى، «يىپەك يولى» دىن ئېقىپ ئۇچرىشىش جەريانىدا، تارىم ئويمانلىقىدىن ئىبارەت بۇ تۆت تاغ ئوتتۇرىسىدىكى قاينامىدا تىنغان تارىخىي ئەنئەنە بىلەن بىۋاستە زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئوكيان يۈزىنى بىرلىك قىلىپ تۇرۇپ، قۇرۇقلۇقنىڭ ئىگىز - پەسلىك كېتىۋاتۇگىمەلىك ئەھۋالىدىن قارىغاندا دۇنيانىڭ ئۆگزىسى دەپ ئاتالغان كوئىنلۇن، پامىر، تەڭرىتاغ، ئالتۇن تاغ تىزمىلىرى ئارىلىقىدىكى بۇ ئويمانلىق بىئولوگىيىلىك ھايات ئەڭ بۇرۇن باشلانغان رايونلارنىڭ بىرى. بۇنى تاغ ۋە سايلىقلاردىكى كۆمۈر، نېفىت زاپاسلىرى ئىسپاتلايدۇ. شۇنداقلا قۇملىقتا كۆمۈلۈپ كەتكەن قەدىمكى ئورمان ئىزلىرى گۇۋاھ بولىدۇ.

ھەر خىل قان تىپلىرى، بولۇپمۇ ئىككى خىل ئىرق (ئارىيان ۋە ئالتاي) خۇ-



AltunOq

سۇسىيەتلىرى ساقلانغان ئۇيغۇر خەلقى تەركىبلىرىنى تەشكىل قىلغان. مەسىلەن: قىزغۇچ، ساغۇچ، قارامتۇل، ئاقۇش رەڭلىك ئاھالىلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ھەر بىرى قەدىمدىن بىرى مەخسۇس قەۋملەرنى تەشكىل قىلىپ ياشاپ كەلگەن ۋە ھەر بىرىنىڭ مەخسۇس تارىخى بار.

مەخسۇس ئىدېئولوگىيە تارىخىدىن قارىغاندا، تارىم ئويمانلىقىدا بىر نەچچە دىن خاتىرىلىرى بار. مەسىلەن. تەبىئەت دىنلىرى، (تاغ - دەريالارغا چوقۇنغۇچى) شامان دىنى، مەنىۋى قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇقنىڭ ئىككى خىل ئىلاھىي كۈچ ئىكەنلىكىگە چوقۇنغۇچى ئاتەشپەرەسلىك (زەردوش) دىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگەرگەن داۋامى مانى دىنى، بۇددا دىنى، ۋە ھەتتا خرىستىئان دىنى، توبۇتلار تەسىرىدىن قالغان لاما دىنى، قاتارلىق دىن ۋە ئەخلاقلار بىر خىل ئەبجەش ئەنئەنىنى ھاسىل قىلغان. شۇڭا ھازىرمۇ دىن ئىپادىلىرىنى تەكشۈرگەندە مەۋجۇت دىنىي ھادىسەلەرنىڭ كۆپچىلىكى قۇرئان ئەقىدىلىرىگە ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: تەركىدۇنيا بولۇۋېلىش، ھەر خىل جۇلدۇر كىيىملەرنى كىيىپ، چاچلىرىنى ئۆستۈرۈۋېلىپ يۈرۈيدىغان «ئاشىق» قاتارلىقلار «قۇرئان» دا تەشەببۇس قىلىنمىغان تەقۋادارلىق يولىغا ئۇيغۇن ئەمەس. بەلكى قەدىمكى ئاتەشپەرەسلىك ۋە مانى دىنلىرىنىڭ ئىسلام دەۋرىگە ئۆزگەرگەندىن كېيىن داۋاملاشقان قالدۇقلىرى بولۇشى مۇمكىن.

مىلادىيەدىن VII — VIII ئەسىر ئىلگىرى يەنى قەدىمكى دارىيانلار دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا جۈملىدىن تارىم ئويمانلىقىدا «ئاتەشپەرەسلىك» دىنى ئەۋج ئالدى. بۇ دەۋرنىڭ خاتىرىسى «جەمشت» داستانىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. دارىيان سۇلالىسىنىڭ شەرققە ۋە غەربكە كېڭىيىشى نەتىجىسىدە ئاتەشپەرەسلىك ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىغا باردى ۋە ئوتتۇرا دېڭىز بويىدا نوھ پەيغەمبەردىن كېيىنكى ئىبراھىم پەيغەمبەر ئەقىدىلىرىنىڭ ئاساسلىرىنى تەشكىل قىلدى (ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئوتقا تاشلىنىپ كۆيمىگەنلىكى ۋە بەلكى ئوت ئىچىدىن گۈلشەننى كۆرگەنلىكى قىسسىسىدىكى ھېكايە دەل ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ ئەنئەنىسىنى چۈشەندۈرىدۇ.) شىنجاڭدا بۇ دىن دەۋرىدە ئوتنى مەركەز قىلغان «تۆت تادۇ» كۆز قاراشلىرى شەكىللەندى. دارىيانلارنى تەشكىل قىلغان ئاھالە سوغدىلار بولۇپ، دارىيانلار مەغلۇپ بولۇپ ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئارىيانلار (يۇنانلىقلار) چىقتى. ئۇنىڭ ئورنىغا كىيانىيانلار چىقتى ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرلىرىنى ھىندىلار، ئوغۇزلار ئىگىلىدى. مىشۇنداق بىر قاتار تارىخىي ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە قەشقەر رايونى — سوزاق، سوغداق، سوغدى شەھىرى ۋە دولان (تۇران) توققۇز ساراي شەھىرى، ئۆز خەلق قاتلاملىرى ئارىسىغا تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى يوشۇرۇپ ساقلىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشلىقىدا بالا ساغۇندىن قەشقەرگە كېلىپ ئوقۇش جەريانىدا يۇقىرىقى ئەنئەنىلەر بىلەن ئۇچراشتى. بۇ ئەنئەنىلەر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇرئان» ئەقىدىلىرىنىڭ تۆت قەۋەت مەناسىنى ئاچىدىغان ئەقلىي ئۈچۈن بىلىم ئاساسلىرى بولۇپ خىزمەت قىلدى. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ باشقا ئىسلام ئۆلىمالىرىدەك ياڭغۇز «قۇرئان»نى تەپسىرلەش ۋە ياكى شەرھلەش خاراكتېرىدىكى ئەسەر يازماستىن، بەلكى ماۋزۇسى، قۇرۇلمىسى تامامەن يېڭى، ئۆزىگە خاسلىقى بولغان «قۇتادغۇ بىلىك»نى يېزىپ چىقتى ۋە بۇ كىتابنى ئۇلۇغ روبائىيدەك تۆت خىل بىلىش كاتېگورىيىسىدىن قۇردى. مەسىلەن: كۈنتۇغدىنى شەرقتىن، ئاي تولدىنى غەربتىن، ئۆگدۈلمىشنى شىمالدىن، ئودغۇرمىشنى جەنۇبتىن ئالدى ۋە شۇ ئارقىلىق دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىدىكى ئىدېئولوگىيىگە نىسبەتەن ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ئىزھار قىلدى. يەنى خۇددى رىۋايەتلەردە خۇدا ئىبراھىم خەلىلۇللاھقا ئۆلگەننى تىرىلدۈرۈش مىسالىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر جاننى تۆت قۇشقا ئايلاندۇرۇپ تۆت تەرەپكە ئۇچۇرۇپ، يەنە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈپ كۆرسەتكىنىدەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىدىن تۆت خىل قۇشنى چاقىرىپ، قەدىمكى ئەنئەنە بىلەن يېڭى مەدەنىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ «قۇتادغۇ بىلىك»نى يازغان دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»ىدە تۆت ئوبرازنى كىتاب سەھنىسىگە چىقىرىش ماھارىتىگە دىققەت قىلىپ باقايلى: مەسىلەن: باشتا كۈنتۇغدى بىلەن ئايتولدى ئۇچرىشىدۇ. كېيىن ئايتولدى ئۆلۈپ كېتىدۇ. كۈنتۇغدى بىلەن ئۆگدۈلمىش قالىدۇ. كىتابنىڭ كېيىنكى يېرىم قىسمىدا سەھنىگە ئۆگدۈلمىش بىلەن ئودغۇرمىش چىقىدۇ ۋە ئودغۇرمىش ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ يەنە كۈنتۇغدى بىلەن ئۆگدۈلمىش قالىدۇ. يەنى كۈنتۇغدى ئايتولدى نەسىھەتلىرى ئارقىلىق بىلىمگە تولىدۇ. ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىش ئارقىلىق بىلىمگە تولىدۇ. بۇ مۇناسىۋەتنى ئادەم بەدىنىنىڭ بۆلەكلىرى بويىچە چۈشەندۈرگەندە كۈنتۇغدى بىلەن ئۆگدۈلمىشنىڭ قالغانلىقى باش بىلەن قوساقنىڭ مۇھىم پائالىيەت ئەھمىيىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن. چۈنكى باش بىلەن قوساق بىلىم ئېلىش بىلەن تاماق يېيىش كۈندىلىك ھاياتنىڭ مۇھىم تەركىبىدۇر.

## «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مىراسخور ئىدىيىلىرى

ھېكمەت:

«تېخى زەخمىن باغلاسا ئەھباب ھەم يوق، ئەي كۆڭۈل.
بىر ئىشىك باغلانسا ئىشق ئىچرە ئاچىلغانى يۈز ئىشىك.»

(«ئەي كۆڭۈل، دوستلارنىڭ تىغىدىن زەخىملەنگەن يارامنى تاڭسا
قايغۇرما، مۇھەببەتتە بىر ئىشىك ئېتىلسە يۈز ئىشىك ئېچىلىدۇ.»)

(ناۋايى)

قاراخانىلار دەۋرىدە، «قۇتادغۇ بىلىك»تىن كېيىن بىزگە ھازىرچە مەلۇم بولۇشىچە ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، داستانى بىلەن ئەھمەت يەسەۋىنىڭ

«دىۋانى ھېكمەت» داستانى بارلىققا كەلگەن. بۇ ئۈچ ئەسەر ئاپتورلىرىنىڭ ئوتتۇرە-سىدا قانداق باغلىنىش بارلىقى نامەلۇم بولسىمۇ، ئەمما، ئەسەرنىڭ مەزمۇن ۋە ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا ئەنئەنىۋى ئوخشاشلىق بار. مەسىلەن: ئەھمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانىدىكى ئىدىيىلەر «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ «كۆكرەك» بۆلىكىدىكى ئەقىل، بىلىم، پەزىل ۋە تىل توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى بولۇپمۇ ئۆگدۈلمىشنىڭ قاراشلىرىنى يەنى ئاساسەن شەرىئەت ۋە پەزىلەت قاراشلىرىنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن تەكرارلىغان بولسا، ئەھمەت يەسەۋىنىڭ «دىۋانى ھېكمەت»تىكى ئىدىيىلىرى «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ «تۆۋەن» بۆلىكىدىكى بولۇپمۇ ئودغۇرمىش ئىدىيىلىرىنى تەكرارلىغان.

VIII ئەسىردىن باشلاپ دۇنيا ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزۈش دەۋرىگە كىردى دېيىشكە بولىدۇ. VI ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە گۈللەنگەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى دەۋرىدە كۆتىرىلگەن ئىلىم قۇياشىنى ئۆزۈش تۇمانلىرى قاپلىدى. چىڭگىزخان باشلىغان موڭغول قوشۇنلىرى ئورغۇن شەھەرلەرنى خاراب قىلدى. قاراخانىلاردىن موڭغول ئىمپېرىيىسىدىن ئىلگىرى كىدانلار تەرىپىدىن يوقىتىلدى. ياۋروپادىمۇ ئاۋستىرىيە، ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيىسى قۇرۇلدى. كېيىن ئوسمان ئىمپېرىيىسى قۇرۇلدى. موڭغول ئىمپېرىيىسى مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن، شىنجاڭدا بولۇپمۇ تارىم ئويمانلىقىدا XV - XVI ئەسىرلەردە سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلۇپ، بىرقەدەر تىنچلىق ۋە گۈللىنىش دەۋرى بارلىققا كەلدى. بۇ دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئاتايى، سەككاكى، لوتفى، ناۋايى، گۇمنام زەلىلى قاتارلىق مۇتەپەككۇر، شائىرلار مەيدانغا كەلدى. بۇ دەۋردە سوپىستىك ئىدەيىلەر ئەۋج ئالغانلىقى ئۈچۈن يۇقىرىدىكى مۇتەپەككۇر، شائىرلارنىڭ غەزەل - داستانلىرىدا ئودغۇرمىشتا ئوخشاش دەرۋىشسىمان ئىدىيىلەرنىڭ ئىچكى قاتلاملىرى يەنى ئىشق-مەزھەبىنى كۈيلەش ئەۋج ئالدى. تارىم ئويمانلىقى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاقسۇلۇق خاراباتىنىڭ «مەسنەۋىي خاراباتى» ناملىق داستانى ئەھمەت يۈكنەكىكە ئوخشاش «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ «كۆكرەك» بۆلىكىدىكى ئىدىيىلەرنى راۋاجلاندۇرغان بولسا، يەكەنلىك ئايازبېك قۇشچىنىڭ «جاھاننامە» داستانى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ «تۆۋەن» بۆلىكى ۋە ئودغۇرمىشتا خاس ئىدىيىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ئېچىپ بەرگەن.

بۇ يەردە ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك بىرتەرەپ شۇكى، گەرچە «قۇتادغۇ بىلىك»تە قانداقتۇ ئىشق مەزھەبىنى توغرىسىدا باپلار يوق، بەلكى بىر قانداق ھاۋايى — ھەۋەسلەر تەنقىتلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ «تۆۋەن» بۆلىكى ۋە ئودغۇرمىش ئىدىيىلىرىگە ۋارىسلىق قىلدى دەپ قارالغان ئىدىيىلەر، مەسىلەن ئاتايى، سەككاكى، لوتفى، ناۋايى، ئايازبېك قۇشچى قاتارلىق مەزھەبىيەت، غەزەل - داستانلىرىنىڭ ئاپتورلىرى بولسا ئىلاھىي ئىشقنى ئۇلۇغلىغان. بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

«قۇتادغۇ بىلىك» تە گەرچە ئۇدغۇرمىشنىڭ ھاياتى پائالىيىتى، ئىبادەت خاراك-
تېرى ئېچىپ بېرىلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بايانلىرىدا ئىبادەت تەمكىنلىكى ئا-
قىدىكى بىر خىل ئىچكى ئەركىنلىك ۋە بۇنداق تەمكىنلىك بىلەن ئەركىنلىكنى بىرلەشتۈرگۈچى
ئىبادەت ئۇسۇلى غەمكىنلىك ئاستىدا ئەل ئىلاھىي ئىشق قاتلاملىرى يوشۇرۇنغان. ئىسلام دىنىي
قاراشلىرى تەرەققى قىلغان تىمۇر ۋە سەئىدىيە دەۋرىدە بۇ قاتلاملار يۇقىرىدا ئىسمى
زىكرى قىلىنغان مۇتەپەككۇر ئەدىبلەر تەرىپىدىن ئادەم ھاياتى ۋە تەننىڭ قانۇنلىرى
تەرىقىسىدە ئېچىلغان بۇنداق ئېچىلىش ھەل ئۇدغۇرمىشچە ئىبادەت ئۇسۇلى ئارقىلىق
ھەل بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇڭا، ئۇلارنى ئۇدغۇرمىش ئىدىيىلىرىنىڭ مىراسلىرى دەيمىز.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات تەتقىقاتىمۇ ئەقلىنى، ئەدەپنى تەرغىپ قىلغۇچى
ئەسەرلەر بىلەن ھېسسىيات ئەركىنلىكىنى تەرغىپ قىلغۇچى ئەسەرلەرنى يۇقىرىقىدەك ئايرى-
ش مۇمكىن. ئەمما بۇ «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن بىۋاستە باغلانمىغانلىقى ئۈچۈن توختالمايمىز.

## «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ھازىرقى ئەھمىيىتى

حىكمەت،

«بۇ مەكتۇپلەرنى ئەمەس بەلكى مەنا بىلەن ئەقلىي قىلىۋاتقان ... شۇلىي
بىلىمگىلاركى، چەكسىز كائىنات ئازلىقى ئالەمنىڭ مەركىزى بولغان بىر نۇقتا بار.
ۋە بۇ نۇقتا ئالەمدىكى ھەممىنىڭ نىگىزىدۇر ۋە ئالەم شۇ نىگىزنىڭ تەپسىلى
تەسۋىرىدۇر. بۇ نۇقتا نۇرانىلىقتا كۈنگە ئوخشايدۇ. ئۇيۇقلاردىكى ھەرسىلەر
شۇ نۇقتا ئارقىلىق روشەن بولىدۇ. پاك خۇدا تەرەپتىن قايسى تەرەپكە
پەيەز يەتسە شۇ نۇقتىنىڭ ۋەسلى بولۇش ئارقىلىق يېتىدۇ. بۇ نۇقتا خاس
ئىلاھىي زاتنىڭ غايىب نۇقتىسىغا ئۇدۇلدۇر ۋە بۇ نۇقتا تەۋەللەش مەرتىۋى-
سىدە مەۋجۇتتۇر. ئاندىن بۇ پەسلەش - تەۋەللەش دەرىجىسىگە يەتمىگەن
بىزدەرىجە ھاسىل بولمىغان مۇددەتتە، ئۇ خاس ئىلاھىي زاتنىڭ غايىبلىقى
ھەپ ئاتالغان مەرتىۋىگە ئۇرلەش ھەرگىز مۇيەسسەر بولمايدۇ...»
(«مەكتۇبات» ھېق)

ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ جۈملىدىن ياشلىرىنىڭ ياۋروپا مەدەنىيىتى تە-
سىرىگە ئۇچرىشىشى تۈپەيلىدىن «قۇتادغۇ بىلىك» كە ئوخشاش ئەسەرلەرگە ئەھمىيەت
بېرىش يېتەرلىك ئەمەس. بۇنداق مەسىلىنى قىسمەن بولسىمۇ ھەل قىلىش ئۈچۈن
مەن تۆۋەندىكى كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن:

مەن ماقالىنىڭ بېشىدا ھەقىقەت — سوتسىيالىزم دەۋرىگە ئىزچىل كېلىدۇ،
دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم: ھەممىمىزگە مەلۇم، سوتسىيالىزم ھەر كىم
قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ئىشلىگىنىگە قاراپ ھەق ئېلىش. ئىزچىل ئارقىلىق
ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنى ئەمگەك كۈچلىرىنى. ئەقىل كۈچلىرىنى
تەدرىجىي ۋە ئاخىرى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىدىغان بىر تارىخىي دەۋر. مادىي
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازات قىلىش ئۈچۈن، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى

ئازات قىلىش شەرت. چۈنكى ئەقلىي ئازاتلىق ئەمەلىي ئازاتلىقنىڭ ئاساسى. ئەقلىي ئازاتلىق بىلىم كۈچى ئارقىلىق ھايات سىرلىرىنى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت سىرلىرىنى ئېچىپ پائالىيەت تەرتىپلىرىنى ماسلاشتۇرۇش لازىم.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە 12 بۇرج ئارقىلىق 4 پەسىل مۇناسىۋىتى ۋە تۆت ئۇدرازدىلىك مۇناسىۋىتى تەپسىلىي كۆرسىتىلگەن. بىز بۇنىڭدىن مۇنداق ھايات تەرتىپىنى چىقىرىپ ئالالايمىز؛

مەسىلەن: بىر يىلى 12 ئاي تۆت پەسىل، بۇ پەسىلدە، قىش سوغۇق، ياز ئىسسىق، باھار ھۆل، كۈز سوغۇق بولۇپ، پەسىل ئارىلىقلىرى، مەسىلەن: قىش بىلەن باھار ئارىلىقى ھۆل سوغۇق، باھار بىلەن ياز ئارىلىقى ھۆل ئىسسىق، ياز بىلەن كۈز ئارىلىقى قۇرۇق ئىسسىق، كۈز بىلەن قىش ئارىلىقى قۇرۇق سوغۇق، بۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇش بىر يىللىق ئۆمۈرنى تەڭشەش ئۈچۈن شەرت. بىر سوتكىنى ئالساق تۈن — سوغۇق، چۈش — ئىسسىق. ئەتىگەن ھۆل، كەچقۇرۇن قۇرۇق، تۈن بىلەن ئەتىگەن ئارىلىقى ھۆل سوغۇق. ئەتىگەن بىلەن چۈش ئارىلىقى ھۆل ئىسسىق. چۈش بىلەن كەچقۇرۇن ئارىلىقى قۇرۇق ئىسسىق، كەچقۇرۇن تۈن ئارىلىقى قۇرۇق سوغۇق. بۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇش بىر سوتكىلىق ئۆمۈرنى تەڭشەش ئۈچۈن شەرت.

يىل بىلەن سوتكىنىڭ بۇنداق پەسىل ۋە ۋەسىل قانۇنلىرىنى بىلىش دەل سالامەتلىك ۋە كامالەتلىكنىڭ، تەمكىنلىك بىلەن ئەركىنلىكنىڭ ئاساسى. بۇ دەل قابىلىيەتنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئاساسى. چۈنكى، قابىلىيەت بولغاندىلا ئاندىن قابىلىيەتكە يارىشا ئىشلەش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا پەسىل ۋەسىل پەرقلىرىنى، ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا يارىشا بەدەن ۋە ئەقىل ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلگەندە «ئېھتىياج» دېگەن ئۇقۇمنىڭ زامان، ماكان، مەناسىنى چۈشەنگىلى ۋە شۇ ئارقىلىق كوممۇنىزمنىڭ «ھەركىم ئېھتىياجىغا يارىشا تەقسىملىنىش» دېگەن پرىنسىپىدىكى «ئېھتىياج» ئۇقۇمى توغرىسىدا توغرا نەزەرىيىۋى ئاساس تىكلىگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: باھاردىكى باھارغا لايىق، ئەتىگەندىكى ئەتىگەنگە لايىق ئېھتىياجى بولىدۇ ۋە شۇ پەسىل ھەم ۋەسىلدە شۇ ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئىمكانىيەتلىرى يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» مۇشۇنداق چۈشەنچىلەرنى ئىجابىي تەتقىقات ئارقىلىق تەمىنلەپلا قالماستىن بەلكى ھازىرقى مەۋجۇد ھەر خىل ئىجتىمائىي قاتلاملار مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىش ۋە ھەر خىل قاتلاملارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مورگان: «ئادەمزات مەدەنىيىتى شەرقىي يېرىم شاردىن باشلانغان. بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى تارىم ئويمانلىقىدىكى قۇملۇقتا كۆمۈلگەن» دېگەن. بىز بۈگۈنكى ئەسلىگىنىمىزدە، تارىم ئويمانلىقىدىكى قۇملۇقتا كۆمۈلۈپ كەلگەن كۆيىتقاپسىمان مەدەنىيەت دەرۋازىسىغا سېلىنغان قۇلۇپنى ئاچىدىغان ئالتۇن ئاچقۇچ — «قۇتادغۇ بىلىك» دۇر. بىز «قۇتادغۇ بىلىك»نى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئوت ئىچىدىن چىمەنلىك ۋە بۇلاق ئېچىلغاندەك، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ بېشىدا تەسۋىرلەنگەن باھار تەسۋىرىدەك. بىر مەنىۋى دۇنيا خەزىنىسىگە ئايلىنىپ قالىمىز.

# تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت

تۇرغۇن ئالماس

## 1. يېزىق

تۈركلەر مىلادىيەدىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا، كۆك تۈرك يېزىقى ياكى يەنەسەي ـ ئورخۇن يېزىقى دەپ نام ئالغان يېزىقنى قوللانغانلىقى مەلۇم.

يېقىنقى يىللاردا روس ئارخېئولوگلىرى ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى ئىسسىق كۆلنىڭ بويىدىن بىر تۈرك شاھزادىسىنىڭ قەبرىسىنى تاپقان. قەبرىگە دەپنە قىلىنغان تۈرك شاھزادىسىغا ئالتۇن چاپان كەيدۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ شاھزادە، «ئالتۇن چاپانلىق ئادەم» دېگەن نام ئالدى. شاھزادە بىلەن بىرگە قويۇلغان نەرسىلەر ئىچىدە بىر كۈمۈش تاۋاقمۇ بار ئىكەن. مانا شۇ كۈمۈش تاۋاقتا كۆك تۈرك ئېلىپبەسىنىڭ دەسلەپكى شەكلى بىلەن يېزىلغان ۋە تۈركچە ئىكەنلىكى ئالغا سۈرۈلگەن ئىبارىلەر بار. كۈمۈش تاۋاقتا يېزىلغان ئىبارىلەرنىڭ مىلادىيەدىن V ئەسىر ئىلگىرى يېزىلغانلىقى ئارخېئولوگلار تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان.①

بىز باشتا: مىلادىيىنىڭ 568 ـ يىلى ئىستەمى خاقاننىڭ شەرقىي روما ئىمپېراتورى يۇستىنيان II گە (565 — 578)، مىلادىيىنىڭ 584 - يىلى ساۋار ـ خاقاننىڭ جۇڭگو پادىشاھى (سۈي سۇلالىسى) سۈي ۋېندىگە يازغان مەكتۇپلىرىنى تىلغا ئالغان ئىدۇق. مانا مەكتۇپلەر كۆك تۈرك يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئىدى. يەنىسەي دەرياسىنىڭ بويلىرىدىن، ۋاقتى مىلادىيىنىڭ VI ئەسىر ئاخىرىغا توغرا كېلىدىغان مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى تېپىلغان. بۇ مەڭگۈ تاشتىكى تارىخىي خاتىرىلەر كۆك تۈرك يېزىقى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، «يەنىسەي يادىكارلىقلىرى» دېگەن نام بىلەن ئاتالدى.

بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىن تېپىلغان تۈرگەش تەڭگىلىرى ئۈستىگە يېزىلغان خەتلەر كۆك تۈرك يېزىقى بىلەن يېزىلغان. تۈرگەش خاقانلىرى تەرىپىدىن زەرپ قىلىنغان تەڭگىلەر VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغا تەئەللۇق.

بۇنىڭدىن تاشقىرى مىلادىيىنىڭ 725- يىلى تونيۇقۇقنىڭ، مىلادىيىنىڭ 732- يىلى كۈلتېكىننىڭ، 735 يىلى بىلگە خاقاننىڭ خاتىرىسىگە قويۇلغان ئۈچ مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى ئورخۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com

ۋادىسىدىن تېپىلغان. كۆك تۈرك يېزىقى بىلەن يېزىلغان بۇ مەڭگۈ تاشلار ئورخۇن ۋادىسىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن، «ئورخۇن يادىكارلىقلىرى» نامى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر.

كۆك تۈرك يېزىقى تۈركلەرنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەللىپە يېزىقى بولۇپ، 38 ھەرپتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا تۆت سوزۇق تاۋۇش بولغان.

## 2. كالېندار

تۈركلەر 12 خىل ھايۋاننىڭ ئىسمىنى ئېلىپ 12 يىلغا ئات قويغان. تۈركلەرنىڭ قەدىمكى چاغدىكى ئەللىپە كالېندارى 12 خىل ھايۋان نامى بىلەن يىل ھېسابلايدىغان كالېندار ئىدى.

«ئۇلار يىللارنىڭ ياشلىرىنى، جەڭ تارىخلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلارنى مۇشۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى (دەۋرىيلىكى) بىلەن ھېسابلايدۇ. بۇنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق:

تۈرك خاقانلىرىدىن بىرى ئۆزىدىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن بىر ئۇرۇشنى ئۆگەنمەكچى بولغان. بۇنىڭدا ئۇ شۇ ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن يىلنى ئېنىقلاشتا خاتالاشقان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ خاقان ئۆز خەلقى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، قۇرۇلتايدا مۇنداق دېگەن: «بىز بۇ تارىخنى ئېنىقلاشتا قانداق خاتالاشقان بولساق، بىزنىڭ كېيىنچەكتىكى ئەۋلادلىرىمىزمۇ شۇنداق خاتالىشىدۇ. شۇڭا بىز 12 ئاي ۋە ئاسماننىڭ 12 بۇرجىغا ئاساسلىنىپ، ھەر يىلغا بىر ئات قويايلى. بىزدىن كېيىن يىل ھېسابى شۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېسابلانسۇن. بۇ ئارىمىزدا مەڭگۈ بىر يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن.» خەلق خاقاننىڭ بۇ پىكرىنى «شۇنداق بولسۇن» دەپ ماقۇللىغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خاقان ئوۋغا چىققان ۋە ھەممە ياۋا ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا قاراپ قوغلاشنى بۇيرىغان. بۇ ناھايىتى چوڭ بىر دەريا، خەلق بۇ ھايۋانلارنى ئوۋلاپ يۈرۈپ، ئىلى دەرياسىغا قاراپ ھەيدىگەن. بىر مۇنچە ھايۋانلار ئۆزلىرىنى سۇغا ئاتقان. ئۇلاردىن 12 خىلى سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن. ئەنە شۇ 12 خىل ھايۋاننىڭ ئىسمى 12 يىلغا ئات قىلىپ قويۇلغان. سۇدىن ئەڭ ئاۋال چاشقان ئۆتكەن. شۇڭا يىل بېشى شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ «چاشقان يىلى» دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇدىن ئۆتكەنلەر تۆۋەندىكى تەرتىپتە بولدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر يىل ئۈچۈن ئىسىم بولۇپ قالغان.②

12 خىل ھايۋاننىڭ سۇدىن ئۆتۈش تەرتىپى بويىچە تىزىلىشى مۇنداق:

1. چاشقان 2. كالا، 3. يولۋاس 4. توشقان. 5. بېلىق 6. يىلان 7. ئات.

8. قوي 9. مايمۇن 10. توخۇ 11. ئىت 12. تۇڭگۇز.

«تۇڭگۇز يىلى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ھېساب يەنە چاشقان يىلىدىن قايتا باشلىنىدۇ.»③

بەزى ئالىملارنىڭ پەرەز قىلىشىچە، تۈركلەر، مانا شۇنداق تەرتىپ بويىچە يىل ھېسابلىغان. كالېندارنى مىلادىدىن ئىلگىرى مىڭ يىل بۇرۇن قوللانغان بولۇشى مۇمكىن. تۈركلەر شۇ كالېندارنى، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ھىجرەت يىلىدىن باشلىنىدىغان قەمەرىيە كالېندارىنى قوبۇل قىلغۇچە قوللانغان بولسىمۇ، قەدىمكى تۈرك مىللىي كالېندارى ھېلىھەم ئۆز تەسىرىنى يوقاتمىدى.

## 3. ئورخۇن يادىكارلىقى

«ئورخۇن يادىكارلىقى» تۈرك تارىخى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يادىكارلىقى. شۇنىڭدەك قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئەدەبىياتىمىزمۇ كۆرۈش بەتلىك ئالتۇن ھەرپلىك يادىكارلىقىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن «ئورخۇن يادىكارلىقى» توغرىسىدا بىر قەدەر ئېنىق مەلۇمات بېرىش ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

### «ئورخۇن يادىكارلىقى» نىڭ تېپىلىشى

مىلادى VIII ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا: كول تېكىن، بىلگە خاقان، تونيۇقۇقلارنىڭ خاتىرىسىگە قويۇلغان مەڭگۈ تاشلار («ئورخۇن يادىكارلىقى») توغرىسىدا خېلى بۇرۇنلا مەلۇماتلار بېرىلىشكە باشلىغان ئىدى. XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇللار تارىخىنى يازغان ئۇلۇغ ئىران تارىخچىسى جۇۋەينى «تارىخى جاھان گۇشاي» («دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ تارىخى») دا، «ئورخۇن يادىكارلىقى توغرىسىدا خەۋەر بەرگەن ئىدى. ئەينى چاغدا، چىڭگىزخاننىڭ ۋەزىرى — قىتان شاھزادىسى يىلۇچۇسايىنىڭ ئوغلى يىلو XX كول تېكىن مازارىنى كۆرگەنلىكى توغرىسىدا شېئىر يازغان ئىدى.

1709 - يىلى 8 - ئىيۇلدا جەنۇبىي ئۇكرائىنادىكى پولتاۋا شەھىرىنىڭ يېنىدا روسىيە بىلەن شىۋېتسىيە ئارىسىدا ئۇرۇش بولغان ئىدى. ئۇرۇشتا روسىيە ئىمپىراتورى پېتر I گە (رۇس قوشۇنلىرىغا پېتر ئۆزى قوماندانلىق قىلغان) ئەسىر چۈشكەن شىۋېتسىيەلىك نىممىس ئوپىتسېرى جۇۋان ۋون ستراھلېنبېرگ سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنغان، سىبىرىيىدە 13 يىل سەرگەردان بولۇپ تۇرغان ستراھلېنبېرگ 1722 - يىلى شىۋېتسىيىگە قايتىپ كېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. ئۇ يىراق يوللارنى بېسىپ شىۋېتسىيىگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن 1730 - يىلى «ئورخۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يادىكارلىقى» توغرىسىدا كىتاب يازغان. ئۇنىڭ كىتابى ياۋروپادا ئــاجايىپ چوڭ قىزىقىش پەيدا قىلغان. چۈنكى كىتابتا دۇنياغا سىرلىق كۆرۈنگەن «ئورخۇن ياد-كارلىقى» دىن پارچىلار بېرىلگەن. XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رۇس ساياھەتچىسى پاللاس 1822 - يىلى پېتىربورگدا (ھــازىرقى لېنىنگرادتا) نەشر قىلدۇرغان كىتا-بىدا، كۆك تـــۈرك يېزىقىدا يېزىلغان يىگىرمە ئىككى يادىكارلىقنىڭ نۇسخىسىنى ئېلان قىلغان. پاللاستىن كېيىن ياۋروپادىكى كۆپلىگەن ئالىملار «ئورخۇن يادىكار-لىقى» توغرىسىدا مۇھىم ئىلمىي ئەمگەكلەرنى قالدۇرغان بولسىمۇ، كۆك تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان يادىكارلىقلارنى ئوقۇپ چىقىشتا ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىشكە مۇيەسسەر بولالمىغان.

بىز «ئورخۇن يادىكارلىقى» دەپ ئاتىغان كۆك تۈرك يادىكارلىقلىرىدىن «كول تېكىن مەڭگۈ تېشى»، 1839 - يىلى ھازىرقى مــوڭغۇلىيە خەلق جــۇمھۇرىيىتىنىڭ كۆكشىن ئورخۇن دېگەن دەريا ۋادىسىدىكى خوشۇ - سايدامــدىن تېپىلغان. بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى كول تېكىن مەڭگۈ تېشى تېپىلغان جايدىن بىرلا ۋاقىتتا تېپىل-غان. تونيۇقۇق مــەڭگۈ تېشى بــولسا مىلادىنىڭ 1897 - يىلى ھــازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئۇلانباتور شەھىرىــدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بــايىن چوكتو دېگەن جايدىن تېپىلغان.

بۇ ئۈچ مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئىچىدە كول تېكىن بىلەن بىلگە خاقاننىڭ مەڭگۈ تېشىغا ئويۇپ يېزىلغان خەتلەر تولۇق دېگۈدەك ساقلانغان بولۇپ، بەزى بىرقۇرلىرى ئانچە - مۇنچە بۇزۇلۇپ كەتكەن. قەدىمكى كۆك تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان «كــول تېكىن مەڭگۈ تېشى» دىكى خاتىرىلەر چوڭ - كىچىك ئىككى پارچە مەر - مەر تاش-قا ئويۇلغان. چوڭ مەر - مەر تاشنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر يەتمىش بەش سانتى-مېتىر بولۇپ ئۈستىنىڭ كەڭلىكى بىر مېتىر يىگىرمە ئىككى سانتىمېتىر، تۈۋى (ئاساسى) نىڭ كــەڭلىكى بىر مېتىر ئوتتۇز ئىككى سانتىمېتىر كېلىدۇ. «بىلگە خاقان مەڭ-گۈ تېشى» نىڭ ئېگىزلىكى ۋە شەكلى «كول تېــكىن مەڭگۈ تېشى» بىلەن ئوخشاش. مەڭگۈ تاشلارنىڭ ھەممىسى تۆت بۇرجەكلىك بولۇپ شىمال، جەنۇب، شەرق، غەربكە قاراشلىق تۆت يۈزى بار. «كول تېكىن مەڭگۈ تېشى» دىكى خاتىرىلەر 66 قۇر بولۇپ بۇنىڭدىن باشقا چوڭ مەر - مەر تاشنىڭ شىمال تــەرىپىگە (ئارقا يۈزىگە) 13 قۇر خەنزۇچە خەت يېزىلغان. بۇ، تــاڭ سۇلالىسى پــادىشاھى شۈەنزوڭنىڭ مىلادىنىڭ 731 - يىلى كول تېكىن ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە بېغىشلاپ يېزىپ بەرگەن تەزىيەنامە. بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشىدا قەدىمكى كـــۆك تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان جەمئىي 80 قۇر خەت بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر يېنىدە خەنزۇچە خەتمۇ بار.

«تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» يۇقىرىدىكى ئىككى مــەڭگۈ تاشتىن كىچىك بولۇپ، جەمئىي 62 قۇر خەت بار.

## «ئورخۇن يادىكارلىقى» نىڭ ئوقۇلۇشى

يۇقىرىدىكى ئۈچ مەڭگۈ تاشنىڭ ئەسلى تېكىستى ئۆز ئەينى بويىچە دۇنياغا ئېلان قىلىنغاندىن باشلاپ، «ئورخۇن يادىكارلىقى» نى تەتقىق قىلىش ياۋروپادىكى مەشھۇر تۈركشۇناسلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى تېخىمۇ كۈچلۈك قوزغىغان. كۆك تۈرك يېزىقى بىلەن يېزىلغان «ئورخۇن يادىكارلىقى» نى ئوقۇپ چىقىش، ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىش ياۋروپادىكى تۈركشۇناسلارنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ قىيىن مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، گويا ئىشىكنى ئېچىپ ئىچىگە كىرگىلى بولمايدىغان سىرلىق تىلسىمات بولۇپ تۇيۇلغان ئىدى.

ئاخىرى بۇ مۈشكۈل سىرلىق تىلسىماتنىڭ ئىشىكىنى دانىيەلىك تومسون ئاچتى.

دانىيە پادىشاھلىق پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ رەئىسى، كوپېنھاگېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ۋىلھېلىم لۇدۋىگ پېتەر تومسون (1842 - 1927) 1893 - يىلى كۆك تۈرك يېزىقىدىكى «ئورخۇن يادىكارلىقى» نى ئوقۇپ چىقتى ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى تولۇق يەشتى. بۇ تۈركشۇناسلىقتا يۈز بەرگەن ئىنقىلاب ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن «ئورخۇن يادىكارلىقى» نىڭ تۈركچە نۇسخىسى نېمىس، فرانسۇز تىللىرىدا قىلىنغان تەرجىمىلىرى بىلەن بىرگە نەشىر قىلىنىدى. نېمىسچە تەرجىمىسىنى ئۇلۇغ تۈركشۇناس رادلوۋ قىلدى.

تومسوننىڭ تۈركشۇناسلىقتا ياراتقان ئۇلۇغ مۆجىزىلىك تۆھپىسىنىڭ قەدرىگە يېتىپ ھۆرمەتلەش توغرا كەلسە، تۈركىي خەلقلەردىن بىرەرسى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار، تۇرغۇزۇلغۇسى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ھەر - ھەر ھەيكەللىرى قاتارىدا تومسوننىڭ ھەيكىلىنىمۇ تۇرغۇزسا، ئاجايىپ ئۇلۇغ ۋە ئەجدادلار روھىي خوش بولىدىغان، ئەۋلادلار مەڭگۈ رەھمەت ئوقۇيدىغان بىر شانلىق تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇندىغان بولاتتى.

تومسون گەرچە ئىرقىي جەھەتتىن نېمىس، دانىيەلىك ئالىم بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پۈتۈن تۈركىي خەلقلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك، مەڭگۈ خاتىرىلەيدىغان ئۇلۇغ ئالىمى بولۇشقا مۇناسىپ.

## ئورخۇن يادىكارلىقىنىڭ مەزمۇنى

ئورخۇن يادىكارلىقىنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر بولۇپ، ناھايىتى چوڭ تارىخىي ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كۆل تېكىن يادىكارلىقىدا مۇنداق دېيىلگەن:

«ئۈستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭۇر تۇپراقيارىتىلغاندا، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىنسان بالىسى يارىتىلغان. ئىنسان بالىلىرى ئۈستىدە ئاتا - بوۋام بومىن خاقان (تۈمەن خاقان كۆزدە تۇتۇلىدۇ — ئا) ئىستەمى خاقانلار ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار تەختتە ئولتۇرۇپ تۈرك خەلقىنىڭ دۆلىتىنى قۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ قانۇن - تۈزۈمىنى تۈزۈپ بېرىپتۇ. شۇ چاغدا تۆت ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ دۈشمىنى ئىكەن. بابالىرىم قوشۇن تارتىپ تۆت ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپتۇ. ئۇلارنى باش ئەگدۈرۈپتۇ، تىزلاندۇرۇپتۇ.»

بۇ، ئۇلۇغ كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ تۈمەن خاقان ۋە ئىستەمى خاقانلارنىڭ ۋارىسلىرى موقان خاقان، تاۋار خاقان، ساۋارلو خاقان قاتارلىقلارنىڭ دەۋرىدە، ئەڭ قۇدرەتلىك بىر دۆلەت سۈپىتىدە ھۆكۈم سۈرگەنلىكىنىڭ ناھايىتى يىغىنچاق بەدىئىي تەسۋىرى. شۇ مەزگىلدە (مىلادىنىڭ 551 - يىلىدىن تارتىپ 600 - يىلىغىچە) ئۇلۇغ تۈرك خاقانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقى ئۇلۇغ ئوكيان، غەربى چېگرىسى قارا دېڭىزنىڭ بويلىرىغىچە سوزۇلغان ئىدى.

كۆل تېكىن يادىكارلىقىدا، ئۇلۇغ كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلەرگە كۆرە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكى، ئاخىرىدا تۈركلەرنىڭ ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقى چوڭقۇر قايغۇ - ئەلەم بىلەن بايان قىلىنغان:

«ئۇلار ئەنە شۇنداق داڭلىق خاقانلاردىن بولغان ئىكەن. ئاندىن كېيىن ئىنىلىرى خاقان بوپتۇ، ئوغۇللىرىمۇ خاقان بوپتۇ. كېيىن ئىنىسى ئاكىسىنى دورىماپتۇ. ئوغلى ئاتىسىنى دورىماپتۇ. بىلمەسىز خاقان تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. بۇيرۇقلىرىمۇ ئېھتىمال بىلمەسىزلەردىن، بوزۇقلاردىن بولسا كېرەك. بەگلىرىدە، خەلقىدە ساداقەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن،... ئىنىسى بىلەن ئاكىسىنى ئۆچمەنلەشتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، بەگلەر بىلەن خەلق ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن تۈرك خەلقى ئىگىلىك بولغان دۆلىتىدىن مەھرۇم بوپتۇ. خاقان دەپ نام ئالغان خاقانىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. تۈرك بەگلىرى تۈرك دېگەن نامىدىن ۋاز كېچىپ، تابغاچپەرەس بەگلەر تابغاچ ناملىرىنى قوللىنىپ تابغاچ خاقانىغا بېقىنىپتۇ. ئۇلار ئۈچۈن 50 يىل كۈچ چىقىرىپ ئىشلەپتۇ...... تۈرك، ئوغۇز بەگلىرى، خەلقى ئاڭلاڭلار! ئۈستىمىزدىكى ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشمىسە، ئاستىمىزدىكى يەر يېرىلىپ كەتمىسە، دۆلىتىڭلارنى ۋە قانۇن - تۈزۈمىڭلارنى كىم بىت - چىت قىلالايدۇ؟ تۈرك خەلقى سىلەر ئۆكۈنۈڭلار، سىلەر باشباشتاقلىق قىلغىنىڭلار ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنى بېقىۋاتقان دانا خاقانىڭلار ۋە ئەركىن، ياخشى دۆلىتىڭلار ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈز-

دۆڭلار. يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقاردىڭلار. ئۆزەندىق بىزلىمسا قۇراللىقلار نەدىن كېلىپ سىلەنى ھەيدىۋېتىدۇ؟ نەيزىلىكلەر نەدىن كېلىپ سىلەرنى سۈرۈپ تىرقاي قىلىۋېتىدۇ؟ مۇقەددەس ئۆتۈكەن تېغىدىكى خەلقلەر، كەتتىڭلار، شەرققە بارىدىغىنىڭلار شەرققە كەتتىڭلار، غەربكە بارىدىغىنىڭلار غەربكە كەتتىڭلار، سىلەرنىڭ بارغان يېرىڭلاردا كۆرگەن كۈنۈڭلار مۇنداق بولدى. قېنىڭلار سۇدەك ئاقتى، سۆڭەكلىرىڭلار تاغدەك دۆۋىلەندى. بەگ بولىدىغان ئوغۇللىرىڭلار قۇل بولدى. پاك، خانىش بولىدىغان قىزلىرىڭلار دىدەك بولدى.»

مىلادىنىڭ 600 - يىلىغا كەلگەندە بىر پۈتۈن كۆك تۈرك خاقانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي خاقانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن، شەرقىي تۈرك خاقانلىقى مىلادىنىڭ 630 - يىل تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن تارمار قىلىنغاندا، يۈز مىڭ تۈرك ئەسىر چۈشكەن. شۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆز ئورنىدا قالغان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسمى ئوتتۇرا ئاسىياغا كەتكەن. ئەسىر چۈشكەن تۈركلەر سىددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلۈپ، ھازىرقى سەنشى، شەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مانا شۇ تۈركلەرنىڭ بەگلىرىدىن بىر قىسمى (بىز باشتا تىلغا ئالغان ئاسىنا سونىش، ئاسىناسىربا، ئاسىناتۇر قاتارلىقلار) تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن 50 يىل (630 - يىلىدىن 680 - يىلىغىچە) خىزمەت قىلغان. يادىكارلىقتا ئېيتىلغان «بەگ بولىدىغان ئوغۇللىرىڭلار قۇل بولدى. پاك خانىش بولىدىغان قىزلىرىڭلار دىدەك بولدى.» دېگەن سۆز تاڭ سۇلالىسىغا ئەسىر چۈشكەن تۈرك بەگزادىلىرى ۋە بەگلىرىگە قارىتىلغان.

تۈركلەرنىڭ بىز باشتا ئېيتقاندەك مىلادىنىڭ 681 - يىل ئاسىنا قۇتلۇق يېتەكچىلىكىدە ئىسيان كۆتۈرۈپ، شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنى قايتا قۇرغانلىقى توغرىسىدا كۈل تېكىن مەڭگۈ تېشىدا مۇنداق دېيىلگەن:

«كۆك تەڭرىسى تۈركلەرنىڭ بۇنداق ھالغا ئېچىنىپ، تۈرك خەلقى يوقالمىسۇن، ئۇلار بۇرۇنقىدەك جاھاندا دەۋران سۈرۈپ ئۆتسۇن دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتام ئىلتېرىش خاقاننى، ئانام ئىل بىلگە خاتۇننى (خانىشنى) تۈركلەرنىڭ خاقانى قىلدى... تەڭرى كۈچ - قۇۋۋەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئاتام خاقاننىڭ قوشۇنلىرى بۆرىدەك، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ قوشۇنى قويدەك ئىدى. دۈشمەن قوشۇنى بۆرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان قويدەك تارقىلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئاتام خاقان شەرقتىن غەربكىچە يۈرۈش قىلىپ تۈرك خەلقىنى توپلىدى. تۈرك دۆلىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى».

كول تېكىن يادىكارلىقىدا: بىلگە خاقان تىلىدىن ئىلتېرىش خاقاننىڭ چوڭ ئوغلى بىلگە خاقان خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرغان چاغدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەھۋاللار توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن:

«ئەي خەلقىم! سەن شۇنى بىلگىنكى، مەن باي ۋە روناق تاپقان خەلققە خاقان بولمىدۇم. بەلكى ئاجىز، كەمبەغەل بىچارە خەلقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردۇم. ئۇكام كول تېكىن ۋە تۇغقانلىرىمدىن بولغان ئىككى بەگزادە بىلەن سۆزلەشتىم. ئاتام، تاغام (قاپاغان خاقان كۆزدە تۇتۇلىدۇ). ھايات چېغىدا قۇرۇپ كەلتۈرگەن خەلقنىڭ شان - شۆھرىتى ئۈچۈن كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە كۈرەشتۇق.

تۈرك خەلقىنىڭ شان ـ شۆھرىتى ئۈچۈن كېچىلىرى خاتىرجەم ئۇخلىمىدىم. كۈندۈزلىرى ئولتۇرمىدىم. ئۆلە - تىرىلىشىمگە قارىماي تىرىشتىم... تەڭرى يار-دەم قىلغانلىقى، بەخت - تەلىيىم ئوڭىدىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن يوقسۇل خەلقنى باي قىلدىم. ئاز خەلقنى ئاۋۇتتۇم، خەلقىمنى كۈچلۈك دۆلەتلىك، باتۇر خاقانى بار خەلقلەردىنمۇ ئۈستۈن خەلققە ئايلاندۇردۇم.»

مىلادىنىڭ 716 - يىلى قاپاغان خاقان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىلتېرىش قۇتلۇق خاقانلىقىدا قىسقا بىر مۇددەت (بىرەر يىلچە) ئىچكى ئۇرۇش يۈز بەرگەن ئىدى. شۇ چاغدا، ئىلتېرىش قۇتلۇقنىڭ ئوغۇللىرى ـ بىلگە خاقان ۋە كول تېكىن بىلەن قاپاغان خاقاننىڭ ئوغۇللىرى ـ ئىنال بوگۇ خان ۋە ئىنى خانلار ئارىسىدا خاقانلىق تەختىنى تالىشىپ ئۇرۇش بولغان ئىدى. كول تېكىن قاپاغان خاقاننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسيانلىرىنى باستۇردى ۋە ئىنال بوگۇ خان بىلەن ئىنى خاقاننى ئۆلتۈردى. بىلگە خاقان بىر ۋەقەدىن شەرقىي تۈركلەرگە كول تېكىننىڭ خاقان بولۇشىنى، ئۆكىسىگە (كول تېكىنگە) تەكلىپ قىلدى. كول تېكىن ھوزۇرى خالىق ۋە رەھمەت ئېيتىپ، ئاكىسى بىلگە خاقاننى تەختكە چىقاردى. ئۆزى بولسا تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىدە قالدى. شەرقىي تۈركلەر مىلادىنىڭ 716 - يىلىدىكى ئىچكى ئۇرۇش ۋە تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئۇرۇشلارنىڭ تە-سىرىدىن خېلى ئېغىر ئەھۋالدا قالغان ئىدى. بىر باشتا ئېيتقاندەك مىلادىنىڭ 717 - يىللىرى ئۈچ يۈز مىڭ كىشىلىك تاڭ قوشۇنلىرى ئىلتېرىش قۇت-لۇق خاقانلىقىنىڭ پايتەختى ئوتۈكەنگىچە بېسىپ بارغان. كول تېكىن گەرچە تاڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئىلتېرىش خاقانلىقى بىلگە خاقاننىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدا ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن كۆچۈرگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەھۋال ياخشىلانغان ئىدى. «يوقسۇل خەلقنى باي قىلدىم. ئاز خەلقنى ئاۋۇتتۇم. خەلقىمنى كۈچلۈك دۆلەتلىك، باتۇر خاقانى بار خەلقلەردىنمۇ ئۈستۈن خەلققە ئايلاندۇردۇم» دېگەن سۆزلەر يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارغا قارىتىلغان

# «ئورخۇن يادىكارلىقى» نىڭ ئەھمىيىتى

تۈرك — ئۇيغۇر تارىخىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن كۆك تۈركلەرگە ئائىت «ئورخۇن يادىكارلىقى» ۋە قاراخانىلار دەۋرىدە ياشىغان ئۇيغۇر تىلشۇناسى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇلۇغ دانىشمەن پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى، ئىسمى نامەلۇم يازغۇچى تەرىپىدىن يېزىلغان «دەدە قورقۇت داستانى» غا ئوخشاش ئەڭ مۇھىم ئۆلمەس ئەسەر، تۈرك — ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئەدەبىياتى، پەلسەپىسىنىڭ ناھايىتى قىممەتلىك يادىكارلىقىدۇر.

بۇلارنىڭ ئىچىدىن «ئورخۇن يادىكارلىقى» نىڭ ئەھمىيىتىنى توغرىسىدا بىر ئاز چۈشەنچە بەرمەكچىمەن.

«ئورخۇن يادىكارلىقى» نىڭ ئەھمىيىتىنى تۈرك تارىخى ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدە يېزىلغان مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

VIII ئەسىردە ۋۇجۇدقا كەلگەن «ئورخۇن يادىكارلىقى» شېئىرى تىل، قىسقا جۈملىلەر بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ناھايىتى چوڭقۇر مەنالىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بەدىئىيلىكىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقى، ناھايىتى چوڭقۇر مەنالىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، مەدەنىيەت جەھەتتە مۇنداق يۇقىرى سەۋىيىنىڭ بولۇشى قىسقا بىر مۇددەت ئىچىدە مەيدانغا كەلمەيدۇ. دېمەك، «ئورخۇن يادىكارلىقى» تۈركلەرنىڭ قەدىمكى يۈكسەك مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئاساسىدا يارالغان. بۇ بىزگە تۈركلەرنىڭ «ئورخۇن يادىكارلىقى»دىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرى خېلى يۈكسەك سەۋىيىگە ئىگە يازما يادىكارلىقلارنى ياراتقانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. ئەپسۇسكى تۈركلەرنىڭ «ئورخۇن يادىكارلىقى»دىن بۇرۇن ياراتقان يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ نەمۇنىلىرى تۈرلۈك سەۋەپلەرگە كۆرە يوقۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىدى. جۇڭگونىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىدا، مىلادىدىن ئىلگىرىكى ئەسىر بۇرۇنقىلارنىڭ ياراتقان شېئىرلىرى خەنسۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ساقلىنىپ قالغان، ئېھتىمال تۈركلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى چاغلاردا ياراتقان يازما شېئىرلىرىمۇ تېپىلىپ قالار.

«ئورخۇن يادىكارلىقى» نىڭ ئەڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن:

① «ئورخۇن يادىكارلىقى» دا، نادان، ئەخلاقسىز، قابىلىيەتسىز كىشىلەر دۆلەتكە باشلىق بولىدىغان بولسا، دۆلەتنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئەكسىچە، دۆلەتكە ئەقىللىق، بىلىملىك، ئەخلاقلىق، باتۇر كىشىلەر باش بولسا دۆلەتنىڭ گۈللەپ - ياشنايدىغانلىقى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

② يادىكارلىقتا: دۆلەتنى باشقۇرغۇچىلار (خاقانلار، خانلار) بىلەن خەلق ئا-

رىسىدىكى ئىتتىپاقلىقىنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقى، ئىناقسىزلىق، ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ دۆلەتكە، خەلققە بالايى-ئاپەتكەلتۈرىدىغانلىقى كەسكىن خىتاپ بىلەن بايان قىلىنغان.

③ شۇنىسى ناھايىتى ئەھمىيەتلىككى، كول تىكىن يادىكارلىقىدا يات دۆلەتلەرنىڭ ھىيلىگەر، قارا نىيەت ھۆكۈمرانلىرىنىڭ، شېرىن - شېكەر سۆزلىرىگە، ئۇلارنىڭ ناھايىتى قىممەتلىك سوغا - سالاملىرىغا ئالدىنىپ، تۇزاققا چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش تاپىلانغان.

يۇقىرىدىكىلەر، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ناھايىتى ئېچىنىشلىق، قورقۇنۇشلۇق، قانلىق تارىخىي ساۋاقلاردىن يەكۈن چىقىرىپ، ئۆز ئەۋلادلىرىغا قالدۇرغان تارىخىي ۋەسىيەتنامىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

④ «ئورخۇن يادىكارلىقى» نىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئەھمىيىتى، ئۇنىڭ ھەر بىر قۇرىغا، خەلقپەرۋەرلىك، ھۆررىيەت، ئەركىنلىك روھى سىڭدۈرۈلگەن.

كۆك تۈرك يېزىقى بىلەن يېزىلغان «ئورخۇن يادىكارلىقى» نامى بىلەن ئاتالغان ئۈچ مەڭگۈ تاش بولسا، تونيۇقۇق، كول تىكىن، بىلگە خاقانلارنىڭ خاتىرىسىگە قويۇلغانلىقىنى باشتا ئەسلىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

تونيۇقۇق ئىلتېرىش قۇتلۇق خاقانلىقىنى قۇرۇشتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان ھەربىي ستراتېگ، ناھايىتى ھوشيار، تەدبىرلىك دانىشمەن ئىدى. تونيۇقۇق مىلادىنىڭ 682 - يىلىدىن 707 - يىلىغىچە شەرقىي تۈركلەرنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى 25 يىل ئۆتىدى. تونيۇقۇق مىلادىنىڭ 707 - يىلىدىن 725 - يىلىغىچە قاپاغان خاقان ۋە بىلگە خاقانلارغا باش ۋەزىر بولغان. ئۇ، تاڭ، ئوغۇزلار، قىتانلارنىڭ بىرلىشىپ، شەرقىي تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ئىلتېرىش قۇتلۇققا مۇنداق دېگەن: «تابغاچ، ئوغۇز، قىتان بۇ ئۈچى بىرلىشىۋالسا، بىز تايانچىسىز قالىمىز، ئىچكى تاشقى جەھەتتىن دۈشمەنگە تۇتۇلىمىز. يۇپقا نەرسىنى ئېگىش ئاسان، ئىنچىكە نەرسىنى سۇندۇرۇشمۇ ئوڭاي، يۇپقا قېلىن بولۇپ كەتسە، ئۇنى ئېگىش تەسكە چۈشىدۇ، ئىنچىكە توم بولۇپ كەتسە، ئۇنى سۇندۇرۇشمۇ تەسكە چۈشىدۇ.» تونيۇقۇق دۈشمەننى بىرلىشىۋېلىشتىن بۇرۇن بىر - بىرلەپ يوقىتىش لازىملىقىنى ناھايىتى چۈشىنىشلىك، تەسىرلىك، ئوبرازلىق ئوخشىتىش بىلەن تەسۋىرلىگەن.

كول تىكىن — تۈرك تارىخىدا ئۆتكەن ئۇلۇغ قەھرىمان بولۇپ، دوستلار ئارىسىدا شۆھرەت قازانغان بولسا، دۈشمەنلەردە كۈچلۈك ۋەھىمە قوزغىغان. كول تىكىن مىلادىنىڭ 707 - يىلىدىن تارتىپ 731 - يىلىغىچە شەرقىي تۈرك قوشۇنلىرىغا 24 يىل باش قوماندان بولغان. ئىلتېرىشنىڭ چوڭ ئوغلى بىلگە خاقان تۈرك تا-

رىخىدا ئۆتكەن باتۇر، ئەقىللىق، غەيرەتلىك خاقانلا قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

«ئورخۇن يادىكارلىقى» نامى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولغان ئۈچ مەڭگۈ تاش كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ شەرقىي تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدىكى ئىلتېرىش قۇتلۇق ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ۋاقتىدا ئۆتكەن ئۈچ مۇھىم تارىخىي شەخس- تونيوقۇق، بىلگە خاقان، كول تېكىنلەرنىڭ خاتىرىسىگە قويۇلغان.

ئەپسۇسكى، كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ ناھايىتى قۇدرەتلىك دەۋرىدىكى دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئۇلۇغ خاقانلىرى تۇمەن خاقان، مۇقان خاقان، ئىستەمى خاقان، تاۋار خاقان، ساۋاراۋ خاقان، چور باغا خاقان، توڭا توران خاقان، بىلگە تاردو خاقان قاتارلىق خاقانلار خاتىرىسىگە قويۇلغان مەڭگۈ تاشلار ھېلىغىچە تېپىلمىدى. مانا شۇ ئۇلۇغ خاقانلارنىڭ خاتىرىسىگە قويۇلغان مەڭگۈ تاشلار ئۆتۈكەن تاغلىرى، ئالتاي تاغلىرى، تەڭرى تاغلىرىنىڭ مەلۇم جايلىرىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىدا گۇمان يوق. ئەگەر ئەنە شۇ خاقانلارنىڭ مەڭگۈ تاشلىرى تېپىلىدىغان بولسا، تۈرك، ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان شانلىق، باھاسىز خەزىنىسىنىڭ ئىشىكى ئېچىلغان بولاتتى.

## 4. ئىرگىنى قۇت داستانى

كۆك تۈركلەرنىڭ تارىخىدىكى ناھايىتى مۇھىم ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىرگىنى قۇت داستانى كۆك تۈرك داستانلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

داستاننىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق:

قەدىمكى چاغلاردا، كۆك تۈركلەرنىڭ گۈللەپ - ياشناپ كەتكەنلىكىگە چىدىمىغان دۇشمەنلەر بىرلىشىپ، كۆك تۈركلەر ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىدۇ. كۆك تۈركلەر، چېدىرلىرىنى مەلۇم جايغا تىكىپ، چارۋا - ماللىرىنىمۇ شۇ جايغا توپلاپ مۇداپىئەگە كىرىشىدۇ. ئۇ جاينىڭ ئەتراپىغا خەندەك قېزىپ تەييار تۇرىدۇ. دۇشمەن بېسىپ كېلىپ ئۇرۇشقان بولسىمۇ، مەغلۇپ بولىدۇ.

دۇشمەن ھىيلە ئىشلىتىپ تاڭ ئاتىدىغان چاغدا يالغاندىن قاچىدۇ. دۇشمەننىڭ ھىيلىسىنى سەزمىگەن كۆك تۈركلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلايدۇ. كۆك تۈركلەر يېقىنلاپ كەلگەندە، قاچقان دۇشمەن ئارقىسىغا يېنىپ ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇرۇشتا ئالدانغان كۆك تۈركلەر ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. دۇشمەن تۈركلەرنىڭ چوڭلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، باللىرىنى، چارۋا - ماللىرىنى ھەيداپ كېتىدۇ.

كۆك تۈرك خاقانى ئىل خاننىڭ قاي ئاتلىق ئوغلى بىلەن توققۇز ئوغۇز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاتلىق تۇغقىنىمىز دۇشمەنگە ئەسىر چۈشىدۇ. ئۇلار ئون كۈندىن كېيىن خاتۇنلىرىنى ئېلىپ دۇشمەن ئېلىدىن قېچىپ كۆك تۈركلەرنىڭ يۇرتىغا كېلىدۇ. قاي بىلەن توققۇز ئوغۇز، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى يۇرتلىرىدىمۇ ئامانى خۇدا ئۆتۈشكە كۆزى يەتمەي، دۇشمەن تەرەپتىن قېچىپ كەلگەن تۆگە، ئات، كالا، قويلارنى ھەيدەپ تاغلار ئىچىدىن ئىنسان ئايىقى يەتمەيدىغان بىرەر جاينى تېپىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ.

ئۇلار ناھايىتى خەتەرلىك تاغ قىياسىدىكى ئار، ئۇجۇرما بىر يولدىن مېڭىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن دەريا سۇلىرى دولقۇنلاپ ئېقىپ تۇرغان، ياپ - يېشىل ئورمانلىق بىر ۋادىغا يېتىپ كېلىدۇ. قاي بىلەن توققۇز ئوغۇز، بۇ جايغا «ئېرگىنى قۇت» دەپ ئات قويىدۇ.

قاي بىلەن توققۇز ئوغۇزنىڭ بالىلىرى بارغانسېرى كۆپىيىدۇ، ئۇلار قىشتا ماللىرىنىڭ گۆشىنى يەپ، يازدا سۈتىنى ئىچىپ، تېرىسىدىن كىيىم تىكىپ كىيىشىدۇ.

بىر نەچچە يۈز يىلدىن كېيىن، قاي بىلەن توققۇز ئوغۇزنىڭ بالىلىرى ۋە چارۋا - ماللىرى ناھايىتى كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن، ئېرگىنى قۇت ۋادىسى تارلىق قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كۆك تۈركلەر ئېرگىنى قۇتتىن چىقىپ، باي ۋە كەڭ، گۈزەل بىر يۇرتقا ماكانلاشماقچى بولىدۇ. بۇنداق بىر يۇرتقا بېرىش ئۈچۈن يول كېرەك ئىدى. دەل شۇ چاغدا، بىر تۆمۈرچىنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن كۆك تۈركلەر تۆمۈر مەدەنلىك تاغنى ئېرىتىپ يول ئاچماقچى بەل باغلايدۇ. ئۇلار تاغنىڭ ئۈستى، ئاستى، يان تەرەپلىرىگە بىر قات ئوتۇن بىر قات كۆمۈر تىزىدۇ. يەتمىش تېرىدىن يەتمىش كۆرەك ياساپ، كۆرەكلەرنى يەتمىش جايغا ئورنىتىدۇ. ئۈستىگە كۆمۈر تىزىلغان ئوتۇنغا ئوت يېقىلىدۇ. كۆرەكلەر بېسىلىدۇ. ئوت يالقۇنلاپ كۆيۈپ، مەدەنلىك تاغ ئېرىيدۇ. يۈك ئارتىلغان بىر تۆگە ماڭغىدەك يول ئېچىلىدۇ. كۆك تۈركلەر مانا شۇ يولدىن مېڭىپ ئېرگىنى قۇتتىن چىقىدۇ.

تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، كۆك تۈركلەرنىڭ ئالتاينىڭ شەرقىي ئېتەكلىرىدىكى ئېرگىنى قۇت ۋادىسىغا كېلىشى مىلادىنىڭ 439 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ. شۇ چاغدىن باشلاپ كۆك تۈركلەر ئاۋار خاقانلىقىغا بېقىنغان ئىدى. مانا شۇ كۆك تۈركلەر مىلادىنىڭ 535 - يىلى ئاسىنا بىلگە شادنىڭ ئوغلى تۇۋا ئۇلۇغ يابغۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېرگىنى قۇتتىن چىققان، ئاۋار خاقانلىقىغا بولغان تەۋەلىكىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن كۆك تۈرك خانلىقىنى قۇرغان ئىدى.

كۆك تۈركلەر ئېرگىنى قۇتتىن چىققان خاسىيەتلىك كۈننى بايرام قىلىپ بەلگىلىگەن. ھەر يىلى شۇ كۈننى خاتىرىلەش ئۈچۈن كۆك تۈرك خاقانلىرى بىر پارچە تۆمۈرنى قىزدۇرۇپ، ئۇنى قىسقاچ بىلەن قىسىپ، سەندەل ئۈستىگە قويۇپ بولقا بىلەن سوقىدۇ. ئاندىن كېيىن باشقا تۈرك بەگلىرىمۇ شۇنداق قىلىشىدۇ.

## 5. سەنئەت

كول تېكىن بىلەن بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشىنىڭ ئەتراپىدىن 7 مەر - مەر ھەيكەل تېپىلغان. بۇ ھەيكەللەر ئارىسىدا خاتۇن ھەيكەللىرىمۇ بار. مانا شۇ ھەيكەللەرنىڭ قىياپىتىگە قارىغاندا، تۈركلەرنىڭ ئاق ئىرقتا مەنسۇپلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

1958 - يىلى چېخسلوۋاكىيىنىڭ ئارخېئولوگىيە ئىنستىتۇتى ئورخۇن دەرياسى بويىدىن كول تېكىننىڭ تاجلىق بېشى بىلەن ئۇنىڭ بىكەسى (مەلىكىسى) ھەيكىلىنىڭ مەر - مەر گەۋدىسىنى تاپقان. بۇ ھەيكەل ھازىر موڭغۇلىيىنىڭ پايتەختى ئولانباتور مۇزېيىدە كۆرگەزمىگە قويۇلغان، كول تېكىننىڭ بېشىدىكى يۈكسەك تاجىنىڭ ئۈستىدە قاناتلىرىنى يېيىپ تۇرغان بۈركۈت بار. ئۇنىڭ بىكەسىنىڭ ئولتۇرغان گەۋدىسىگە چىرايلىق بىر كەمزول كىيدۈرۈلگەن.

چىڭگىزخانغا باش ۋەزىر بولغان قىتان شاھزادىسى يىلۈچۇسايىنىڭ ئوغلى شائىر يىلو x x XIII - ئەسىردە كول تېكىننىڭ گۈمبەزلىك مازىرىنى كۆرگەن. ئۇنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، كول تېكىن گۈمبىزىنىڭ ئىچكى يۈزىگە، كول تېكىن ھايات چېغىدا قاتناشقان جەڭلەرنىڭ مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەيدىغان رەڭگارەڭ سۈرەتلەر سىزىلغان.

كۆك تۈرك خاقانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ رەسىملەردىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزىبىر قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدىكى ئوردا - سارايلارنىڭ تاملىرىغا سىزىلغان يادىكارلىقلار ساقلىنىپ قالغان. سوۋېت ئارخېئولوگلىرى تەرىپىدىن 1938 - يىلىدىن تارتىپ 1953 - يىلغىچە تەكشۈرۈپ تېپىلغان بۇخارا ھاكىمىنىڭ كونا ۋاراخشا شەھەرچىسىدىكى سارايىنىڭ تاملىرىغا سىزىلغان رەسىملەر ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. «ۋاراخشادىكى سارايدا ئۆزنى باشقىلاردىن ياسىغان چاغلاردا، بەزىبىر بىنالارنىڭ تېمى لاي سۇۋاقتىن چىققاندىن كېيىن تامغا يېلىملىك رەڭ بىلەن سۈرەت سىزىلغان. بۇ بىنالاردىن بىرىدە، ئاق پىل مىنگەن، نەيزە، قىلىچ ۋە ئارغامچىلار بىلەن قوراللانغان ئەسكەرلەر تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئەسكەر ھايۋانلار ۋە قاناتلىق ئەجدىھالار بىلەن جەڭ قىلىپ تۇرغان. پىللار، بالىغىچە يالىڭاچ ئەسكەرلەر ئالتۇن ۋە قىممەت باھا تاشلاردىن ياسالغان ھەر خىل بېزەكلەر بىلەن بېزەتىلگەن. باشقا بىر زالدىكى تاملارنىڭ بىرىدە پادىشاھنىڭ ئۆز ساراي ئەھلىنى تەنتەنە بىلەن قوبۇل قىلىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. پادىشاھ قاناتلىق ئىككى تۆگىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تەختتە ئولتۇرغان. تەختنىڭ ئىككى تەرىپىدە ناھا-

يىپەك قىممەت باھا كىيىملەر كىيگەن، قىلىچ ۋە خەنجەر ئاسقان ۋە قوللىرىدا قەدەھ كۆتەرگەن ئەر كىشىلەر ئولتۇرغان، تەختىنىڭ يېنىدا ئۈستىدە ئوت يېنىپ تۇرغان ئىدىش - تاۋاقنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن.»④ بۇنداق سۈرەتلەر قەدىمكى پەنجىكەنت (تاجىكىستاندا) نىڭ كونا شەھەرچىسىدىكى بىنالارنىڭ تاملىرىدىمۇ ساقلانغان.

ۋاراخشا بىلەن پەنجىكەنتتىكى قەدىمكى بىنالارنىڭ تاملىرىغا سىزىلغان سۈرەتلەر، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسىنىڭ «كىيىم - كېچەكلىرى قورال - ياراقلىرى، ۋە ئىدىش تاۋاقلىرى توغرىسىدا ئېنىق ۋە روشەن تەسەۋۋۇر بېرىدۇ. ئىككىنچى تەرەپتىن، بۇ سۈرەتلەر بىر نەچچە ئەسىرلەر داۋامىدا تەرەققىي قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ ناھايىتى يۈكسەك ۋە خىلمۇ - خىل بولغانلىقىنى ئېنىق ۋە روشەن قىلىپ كۆرسىتىدىغان ناھايىتى ئاجايىپ سەنئەت يادىكارلىقىدۇر. بۇ سۈرەتلەر ئوتتۇرا ئاسىيا رەسساملىرىنىڭ رەسىم سىزىش سەنئىتىدە بەكمۇ يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.»⑤ يۇقىرىدىكى پاكىتلارغا قارىغاندا، تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدە سەنئەت (ھەيكەلتاراشلىق، رەسساملىق) يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان.

## 6. شەھەرلەر

ئولتۇراقلاشقان ھاياتنىڭ ئاساسىي يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇشى كۆك تۈركلەر دەۋرىدە نۇرغۇنلىغان يېڭى شەھەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇنداق شەھەرلەرنىڭ خارابىلىرى رۇس ئارخېئولوگلىرى تەرىپىدىن تېپىلغان. ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى بارسخان شەھىرى خارابىسى ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىن تېپىلغان چارغىلان، چومىئال، چالدىۋار، ئاتباشى، شىرداق بەگ، مانا كەلدى قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ خارابىلىرى، 2 - جاھان ئۇرۇشىدىن سەل بۇرۇن ۋە كېيىن تېپىلغان. مانا شۇ شەھەر خارابىلىرىنى قېزىپ تېپىشتا سوۋېت ئالىمى بىرنىشتام ناھايىتى كۆپ ئەمگەك سىڭدۈرگەن.

## 7. ئۆرپ ئادەتلەر

تۈركلەر ئۆز قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ مىلادىنىڭ X ئەسىرگىچە (ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغىچە) كۆك تەڭرى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئىدى. كۆك تەڭرى دىنى — قامان (شامان) دىنى بولۇپ، بۇ دىندا كۆك تەڭرى (ئاسمان خۇداسى) غا ئېتىقاد قىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. شۇڭا تۈركلەر ئۆزىنى «كۆك تۈرك» («ئىلاھى تۈرك») دەپ ئاتىغان.

قامان دىنى كۆپ تەڭرىلىك دىن بولۇپ، كۆك تەڭرى، يەر تەڭرىلىرى ئەڭ چوڭ تەڭرىلەر ھېسابلىناتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇماي، ئاتلىق باللار تەڭرىسى، ئايزىت، ئاتلىق، تۇغۇت، گۈزەللىك دومۇس تەڭرىسىمۇ بار ئىدى.

تۈركلەردە قامانىزم ئېتىقادى بىلەن چەمبەر - چاس باغلىنىپ كەتكەن خىلمۇ - خىل ئۆرپ - ئادەتلەر بار ئىدى.

ئۆيلىنىش ۋە تۇغۇتقا بېغىشلانغان تويلار بولاتتى. ئۆيلىنىدىغان يىگىتلەر ئاتلىق بىرىيەرگە يىغىلاتتى. قامان (قامان دىنىنىڭ ئەۋلىيالىرى) كېلىپ ئەتراپقا قىمىز چاچاتتى. يىگىتلەرگە ئۇتۇق ۋە بەخت - سائادەت تىلەيتتى.

ئاياللار تۇغۇدىغان چاغدا، تۈركلەر تەڭرىدىن ئوغۇل بالا تىلەيتتى. تەڭرى «ئايزىت»قا سېغىنىپ دۇئا قىلىشاتتى. تۇغۇت ۋاقتىدا ئاياللار قىينالسا، ئۇنىڭغا يامان روھلار چاپلىشىۋالدى، دەپ تونۇيتتى. ئالۋاستى دېيىلگەن يامان روھلارنى قوغلاش ئۈچۈن مۇراسىملار ئۆتكۈزۈلەتتى.

تۈركلەردە ماتەم مۇراسىملىرى ئاجايىپ ئۆتكۈزۈلەتتى. يۇنان تارىخچىسى مىناندىر مەلۇماتىغا كۆرە، «مىلادىنىڭ 572 - يىلى غەربىي تۈرك خاقانلىرىنىڭ بىرىنچىسى بولغان ئىستەمىنى دەپنە قىلىش مۇراسىمىنى يېزىپ قالدۇرغان، ۋىزانتىيە (شەرقىي روما — ئا) ئەلچىسى ۋالىنتىن دەپنە مۇراسىملىرىدىن بىرىگە ئىشتىراك قىلغان. ئىستەمىنىڭ ئوغلى (بەلكە تاردو خاقان - ئا) ئىستەمى ھايات ۋاقتىدا مىنىپ يۈرگەن ئاتلىرىنى، شۇ قاتاردا تۆت ھەربىي ئەسىرنى ئاتىسىنىڭ ئەرۋاھىغا قۇربانلىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىستەمىنىڭ ئوغلى دۇنيادىن ئۆتكەن ئاتىسىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھېلىقى ئەسىرلەرگە قانداقتۇر بىر تاپشۇرۇقلارنى بەرگەن، ۋالىنتىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شۇ مەھەللى ئۆرپ - ئادەتكە رىئايە قىلىشقا ۋە ماتەمگە قوشۇلۇپ چېكىسىنى تىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇتداق قىلمىشاندا، ئۇلار يېڭى خاقانىنىڭ قەھرى - غەزىپىگە ئۇچرىشى تۇرغان گەپ ئىدى.»⑥

«يېڭى تاڭ يىلنامىسى. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە تۈركلەرنىڭ ماتەم، دەپنە مۇراسىملىرى توغرىسىدا تەپسىلى مەلۇمات بېرىلگەن. شۇ يىلنامىغا كۆرە، تۈركلەر، مەرھۇمنى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن مال - مۈلۈكلىرىنى، جەڭدە مىنىدىغان ئاتنى كۆيدۈرەتتى. مەرھۇم ھايات چېغىدا قانچە دۈشمەننى ئۆلتۈرگەن بولسا قەۋرىسى ئۈستىگە شۇنچە تاش قوياتتى. مەرھۇمنىڭ سۈرىتى سىزىلاتتى، ھايات چېغىدا قىلغان ئىشلىرىنى مەڭگۈ تاشلارغا يازاتتى.

## 8. دىن

تۈرك خاقانلىقىدىكى خەلقلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادلىرى ھەر خىل ئىدى. ئۇلار قامان (شامانىزم) ئوتپەرەسلىك (زارو ئاستىر) بوددا، مانى، خرىستىئان دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلاتتى.

بۇ دىنلارنىڭ ئىچىدە قامان دىنى باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا پەيدا بولغان ئەڭ قەدىمكى دىنلارنىڭ بىرى ئىدى. قەدىمكى چاغدا، (مىلادىدىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇن) شەرقتە تۇڭگۇسلار (موڭغۇل ۋە مانجۇنىڭ ئەجدادى) دىن تارتىپ غەربتە قارا دېڭىز بويلىرىدا ياشىغان خەلقلەر ئېتىقاد قىلغان دىن ئىدى.

«شامان» دېگەن بۇ سۆز، مانجۇ — تۇڭگۇسلارنىڭ تىلى بولۇپ، «جانلىق، خۇشال ھالدا، مەجنۇنلارچە ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئادەم» دېگەن مەنادا ئىكەن.

تۈركلەر شامان (قامان) دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. قامانىزم (شامانىزم) ئەقىدىسىگە كۆرە، قامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار كائىناتقا، روھقا، روھنىڭ ئۆلمەسلىكىگە ئىشىنەتتى. ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىچە: ئالەم يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن قاتارلىق ئۈچ دۇنيادىن ئىبارەت ئىدى. يۇقىرىقى دۇنيا ئاسمان بولۇپ، ئۇ دۇنيادا روھلار تۇراتتى. ئوتتۇرىدىكى دۇنيا كىشىلىك دۇنياسى بولۇپ ئۇنىڭدا ئىنسانلار ياشايتتى. تۆۋەنكى دۇنيا، قاراڭغۇ بولۇپ، ئۇنىڭدا جىن - ئالۋاستىلار بىلەن ئەجدادلار تەڭرىسى ياشايتتى. يۇقىرىقى دۇنيا يەتتە قات بولۇپ، باش تەڭرى بولغان كۆك تەڭرى - باي ئۈلۈغ (باي ئولگەن) ئەڭ يۇقىرىقى قەۋەتتە تۇراتتى. باشقا تەڭرىلەر بولسا تۆۋەنكى قەۋەتتە تۇراتتى.

ئالتاي تۈركلىرىنىڭ ئەپسانىسىگە كۆرە، قامانىزمدىكى باش تەڭرى «باي ئۈلۈغ» (باي ئولگەن) يۇقىرىقى دۇنيانىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى توققۇز قات ئالتۇن تاغ ئۈستىدىكى كۆك سارايدا ياشايتتى.

تۆۋەنكى دۇنيامۇ ئۈچ قەۋەت ياكى يەتتە قەۋەت بولۇپ، جىن - ئالۋاستىلار ئۆزلىرىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ تۈرلۈك قەۋەتلەردە تۇراتتى.

قامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان خەلقلەر (تۈركلەر، مانجۇلار، موڭغۇللار) ئەڭ قەدىمكى چاغلاردا، ئۆز قەبىلە - ئۇرۇقلىرىنىڭ گۇماشتىسى ۋە سىماسى بولغان شامانلارنى سايلاپ چىقاتتى. بۇنداق شامانلارغا ئۆز قەبىلە - ئۇرۇقى ئۈچۈن بالايى-ئاپەتنى يوقىتىپ، بەخت - سائادەت كەلتۈرىدىغان ئىلاھىي سالاھىيەت بېرىلگەن ئىدى. شامانلار گويا ئاق ئاتقا مىنىپ ئاسمانغا چىقىپ، كۆك تەڭرى بىلەن سۆزلىشەرمىش، ئىنسانلارغا تەڭرىدىن ۋەھىي ئېلىپ كېلەرمىش.

شامان بولۇش دەسلەپ ئاتىدىن - بالىغا مىراس قالىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. قەبىلە - ئۇرۇق ئىچىدە شامانلىق سالاھىيىتىگە ئىگە ياش ئوغۇل - قىزلار نامزات بولاتتى. ئۇلار پېشقەدەم شامانلارنىڭ مەخپىي ۋاقىتتا، ئىلاھىي مەزراسىملىرىنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىقلا شامانلىققا سايلىناتتى. كېيىنچە، شامانلىق سالاھىيىتىگە ئىگە بولغانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئىلاھىي مەزراسىمسىزلا شامان بولىدىغان بولدى. شامانلار ئادەتتە بىلىملىك بولۇپ، كۆپىنچە تېۋىپلىقنى كەسىپ قىلىدىغان ئىدى. باش شامانلار خاقانلارنىڭ مەسلىھەتچىسى ۋە خىزمىتىدىكى تېۋىپى ئىدى.

تۈرك خەلقلىرى (هونلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار، قىرغىزلار، قازاقلار ۋە باشقىلار) ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇن شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان.

شامان دىنى، ئاساسەن ئاسىيا ۋە ياۋروپانىڭ ئەڭ شىمالىي قىسمىغا تارقالغان دىن ئىدى. ھازىرقى ئامېرىكىدىكى ئەسكىمەسلار بىلەن ئىندىئانلارنىڭ دىنى قامان دىنىغا ئوخشايدۇ. ئامېرىكا ئىندىئانلىرى بۇنىڭدىن 25 مىڭ يىل بۇرۇن (بەزى ئالىملار 50 مىڭ يىل بۇرۇن دەيدۇ) ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىدىن ئامېرىكىغا كۆچكەندە (ئۇ چاغدا ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ئالياسكىسى بىلەن تۇتاش ئىدى) قامان دىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكىللىرىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدە تۈركلەر ئاساسەن قامان دىنىدا بولسىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك خەلقلىرى ئارىسىدا ئوت پەرەسلىك (زارو ئاستىر) دىنىمۇ مەلۇم جايلاردا (سەمەرقەند، خارەزمى ئەتراپىدا) ھۆكۈم سۈرگەن بولسا، بۇددا دىنى تارىم ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خېلى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىدى.

ئوت پەرەسلىك (زاروئاسترو) دىنى مىلادىيىدىن 7 ئەسىر بۇرۇن زاروئاستىر تەرىپىدىن تارقىتىلىشقا باشلىغان. «زاروئاستىر» دېگەن سۆز، «قېرى تۆگىگە ئوخشاش ئەر» دېگەن مەنادا ئىكەن. زارو ئاستىر، مىلادىيىدىن 7 ئەسىر بۇرۇن ھازىرقى ئىراندىكى تېھران شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا سىپىتاما (Spitama) ئائىلىلىك بىر چەۋەنداز ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 42 ياشقا كىرگەندە، زاروئاستىردىنى باكتىرىيە پادىشاھى (ئافغانىستاندا) ۋىستاپپا (yishtappa) نىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئىگە بولغان. زاروئاسترودىنىغا كىرگەن باكتىرىيە ھۆكۈمرانلىرى ئىچىدىن پادىشاھنىڭ باش ۋەزىرى زارو ئاستىرنىڭ كىچىك قىزىغا ئۆيلەنگەن. ۋىستاپپانىڭ قوللىشى نەتىجىسىدە زارو ئاستىر دىنى ئىراندىكى ھەرقايسى جايلارغا تارقالغان. زاروئاستىر بۇ دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن بولغان جەڭلەرنىڭ بىرىدە ئۆلگەن. زاروئاستىر دىنى مىلادىيىدىن 6 ئەسىر بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىپ كىرگەن.

زاروئاستىر دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرنامىسى «ئاۋېستا» دىكى مەلۇماتقا كۆرە، بۇ دىندا ئاساسەن ئىككى تەڭرى بولغان، ئۇنىڭ بىرى ياخشىلىق تەڭرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ نامى ئاھورا. مازداك ئىدى. بۇ، ئوت، يورۇقلۇق، ساپلىق، پاكىزلىك، يارىتىش - كەشىپ قىلىش، ھاياتلىقنىڭ تەڭرىسى ئىدى. تەڭرىلەرنىڭ يەنە بىرى، يامانلىق تەڭرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ نامى ئەھرىمەن ئىدى. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق تەڭرىلىرى كۆرەشلىرى ئىچىدە، كىشىلەر ئۆز ئىرادىسىنى تاللاش. ئۆز تەقدىرىنى ھەل قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى.

تۈركلەر شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ مەلۇم دەرىجىدە ئوت پەرەسلىك دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىدى.

بۇددا دىنى مىلادىنىڭ II ئەسىر باشلىرىدا تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشقا باشلىغان بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا، سەمەرقەند ئەتراپلىرىغا كۇشان دەۋرىدىن باشلاپ (مىلادىيىدىن 50 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 420 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) تارقالغان.

مانى دىنى بولسا، مىلادى IV ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشقا باشلىغان بولسا، VIII ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن باشلاپ شەرقى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان.

تۈركلەر ئارىسىغا خىرىستىئان دىنىنىڭ ناستورىئان مەزھىپىمۇ سۇس ھالدا تارقالغان.

تۈرك خاقانلىقىدىكى خەلقلەرنىڭ ئاساسى ئېتىقاد قىلغان دىنى شامان دىنى بولسىمۇ، ئوت پەرەسلىك بۇددا، مانى، خىرىستىئان قاتارلىق دىنلارمۇ قىسمەن جايلاردا مەلۇم تەسىرگە ئىگە ئىدى. پەرغانە تۈركلەر دەۋرىدىن تارتىپ قاراخانىلار دەۋرىگە كەلگىچە شامان دىنىدا ئىدى. كۆك تۈركلەر دەۋرىدە، ئىرانغا يېقىن جايلاردا ياشىغان تۈركلەر ئاتەشپەرەسلىك دىنىنى قوبۇل قىلغان ئىدى. ئۇيغۇرلار بولسا (تارىم ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار) قاراخانىلار دەۋرىگە كەلگىچە، ئاساسەن بۇددا دىنىدا ئىدى.

ئىزاھلار:

① يىلماز ئوز تونا: «تۈركىيە ئۇمۇمىي تارىخى» تۈركچە، ①- توم 85 - بەت،
②③ مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە، 430 - 449، -، 451 - بەتلەر
④⑤⑥ «ئۆز بېكىستان س س ر تارىخى» ئۆز بېكچە، 147، 143 - 147 - بەتلەر.

(داۋامى كەلگۈسى ساندا)

# يېڭىساردىكى مەشھۇر قەدىمىي يادىكارلىق ۋە تارىخىي ئىزلار

ئىبراھىم نىياز

يېڭىسار ناھىيىسى (تارىختىن بۇيان يېڭىسار شەھىرى دېيىلگەن) قەدىمكى كارۋان يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان، سودا، ھۈنەر-سەنئەت تەرەققىي قىلغان، ھەربىي جەھەتتە ستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بىر جاي بولۇپ، نۇرغۇن ئۇرۇشلار، بولۇپ ئۆتكەن. شۇ ئۇرۇشلارنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە نۇرغۇن قەدىمىي يادىكارلىقلار ساقلانغان.

قەشقەر مۇسۇلمان ئۇيغۇرلىرىنىڭ خوتەن بۇددىست ئۇيغۇرلىرىنى ئىسلامغا كۆندۈرۈش، بويسۇندۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلار مىلادى 971- يىلىدىن مىلادى 1013- ياكى 1024- يىللىرىغىچە داۋاملاشتى. ئىككى تەرەپتىن سانسىزلىغان كىشىلەر ئۆلدى.

بىر مىللەت، ئىككى خىل دىندىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش قەشقەرنىڭ يېڭىسار، يەكەننىڭ غەربىي شىمالىدىكى جايلاردا، كۆپچىلىك ئۇرۇشلار چۆل جەزىرىلەردە ئېلىپ بېرىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭىساردا شۇ ۋاقىتتىكى ئۇرۇشتا قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھ، ۋەزىر، قوماندان ۋە سەركەردىلىرىدىن كۆپلىگەن كىشىلەر مۇشۇ ناھىيە تەۋەسىدە قازا تاپقان.

يېڭىسار تەۋەسىدە شۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر شەخسلىرىدىن 20 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ دەپنە قىلىنغان مازارلىرى بار. بۇ مازارلارنى 1000 يىللاردىن بۇيان قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، ھەتتا شەرقىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرمۇ ئۇلۇغلاپ، خاتىرىلەپ كەلدى. بۇ مازارلارنىڭ كۆپچىلىكى تارىختىن بىرى داۋاملىق رېمونت قىلىنىپ، ياسىنىپ ئۆز ئەسلىنى ساقلاپ كەلگەن ئىدى. ئەپسۇسكى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېگەن ھەرىكەتتە چېقىپ ۋەيران قىلىۋېتىلىپ. ئاز قىسمىلا ساقلىنىپ قالدى. تۆۋەندە بۇ مازارلاردىن تەسىرى چوڭراق بولغان تۆت مازار ۋە تارىخىي ئىزلارنى تونۇشتۇرىمىز.

## 1. ھەزرىتى بېگىم مازىرى

ھەزرىتى بېگىم مازىرى يېڭىسار ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە، ناھىيەدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتا، قىزىل يېزىسىنىڭ قارا ساي كەنتىدە يېقىن قىزىلىق ئىچىدە قارار تاپقان. «تەزكىرە سەيد ئەلى ئارسلانخان» دا يېزىلىشىچە: شەرقىي رۇم پادىشاھىنىڭ ئوغلى دىسابەگ (سەلەي بەگ) «ئاللا يولىدا غازات قىلىش» ئۈچۈن، سەيد ئەلى ئارسلانخان (قاراخانىيلار سۇلالىسىگە) غا يارەدەم بېرىش ئۈچۈن بىر بۆلۈك ئەسكەر بىلەن كەلگەن. ئۇ ئۆزى ياتقان مۇشۇ جايىدا خوتەن بۇددىست قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلغان. (قىزىل يېزا قارا ساي كەنتىنىڭ شەرقىي شىمالى قىسمىدىكى چۆللۈكتە) جەڭ ناھايىتى ئاتتىق داۋام قىلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ ئىنتايىن قەيسەرلىك بىلەن ئۇرۇشىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا دىسا بەگكە ئوق تېگىپ ئېغىر يارىلىنىدۇ. سەيد ئەلى ئارسلانخان باشقا ئۇرۇش مەيدانىدا ئىدى. ئۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، قوشۇنى بىلەن يېتىپ كېلىپ، خوتەن بۇددىستلىرىنى بۇ ئۇرۇش مەيدانىدىن سۈرۈپ چىقىرىپ، دىسا بەگنىڭ قېشىغا كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ تۇرۇپ، ھال-ئەھۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، قەيەردىن كەلگەنلىكىنى سورىغانىدا، ئۆزىنى مەلۇم قىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي دىسا بەگ سەيد ئەلى ئارسلانخاننىڭ قۇچىقىدا جان ئۈزىدۇ. ئۇ شۇ جايغا دەپنە قىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ جاي «ھەزرىتى بېگىم» مازىرى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مەشھۇر تارىخىي شەخسنىڭ مازىرى ۋە يادىكارلىق ئەنە شۇنداق پەيدا بولىدۇ.

ھەزرىتى بېگىم مازىرىدا گۈمبەز، قەۋرە قاتۇرۇلمىغان. ھەزرىتى بېگىمنىڭ جەسىتى كۆمۈلگەن جايغا تۇغ - شادلار قادالغان، تۇغ شادىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت بايرىقى- ھەرەچەشلىق قىزىل بايراق ئېسىلغان بولۇپ ئەتراپىدا ئۈستى يېپىقلىق بىر بۇلاق ۋە يەنە بىر مەسچىت، شەيخلەر تۇرىدىغان بىر قانچە ئۆيلەر بار. ئوردا پادىشاھىمغا بارغانلار ئاۋۋال ھەزرىتى بېگىمنى تاۋاپ قىلىپ ئاندىن ئوردا پادىشاھىم مازىرىغا بارىدۇ.

## 2. ئوردا پادىشاھىم مازىرى

ئوردا پادىشاھىم مازىرى(سەيدئەلى ئارسلانخان، تولۇق ئىسمى ھەسەن بىننى سەيد ئەلى ئارسلانخان مازىرى دەپ ئاتىلىدۇ.) نىڭ ئوردىنى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ شەرقىي

ئەرىپىدىكى 120 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قوۋلىق ئىچىدە (بۇ جاي ھازىر يېڭىشەھەرگە تەۋە

سەيد ئەلى ئارسلانخان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى، مۇسا بۇغراخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ دادىسىنىڭ ئورنىدا تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە بۇرۇن ئاتىسىنىڭ ۋاقتىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان خوتەن خانلىقىنىڭ پادىشاھى خىلخال ماچىن ۋە چىكالولار ئىسلام دىنىدىن يېنىۋېلىپ، قاراخانىيلار پادىشاھىغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ، 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن قەشقەرگە باستۇرۇپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر، خوتەن قوشۇنلىرى مۇشۇ جايدا كەسكىن جەڭ قىلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپتىن سانسىز ئادەملەر قىرىلىدۇ. خىلخال ماچىن ۋە چىكالولار ئىشپىيون كىرگۈزۈپ، تىڭ-تىڭلاپ، سەيد ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن بىللە ناماز ئوقۇۋاتقان ۋاقتىنى پۇرسەت بىلىپ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ سەيد ئەلى ئارسلانخان قوشۇنلىرىنى تامامەن قىرىپ تاشلايدۇ. سەيد ئەلى ئارسلانخانمۇ شېھىت بولىدۇ. بۇ ۋەقە مىلادى 998-يىلى 12-ئايدا بولغان (يەنە بەزى ماتېرىياللاردا 1003-يىلى سەيد ئەلى ئارسلانخان ۋاپات بولىدۇ). بۇنىڭدىن 1003-يىلى ۋاپات بولغانلىقى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنراق.

سەيد ئەلى ئارسلانخان شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇختىرىشىد بۇ زاتنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، قەشقەرگە ئېلىپ بېرىپ، ئەسكى ھەمار سېپىلىگە مىخلىغان ئىدى. جەسىتى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوردام دېگەن يېرىگە دەپنە قىلىنغان. بېشى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تۈمەن دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا دەپنە قىلىنغان.

سەيد ئەلى ئارسلانخاننىڭ جەسىتى قويۇلغان جايغا توپا دۆۋىلەپ توغشەددە قاداپ قويۇلغان. ئەتراپىنى ياغاچ تاختاي بىلەن توسۇپ قويغان. ئۆي ئىچىدە بىر بۇلاق بولۇپ، بۇلاقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 3 مېتىر كېلىدۇ. سەيد ئەلى ئارسلانخاننىڭ جەسىتى قويۇلغان «رەۋزەمۇبارەك» دېگەن جايدىن سەل نېرىراقتا، زىيارەت ۋە تاۋاب ئۈچۈن كەلگەنلەر ناماز ئوقۇيدىغان مەسچىت ۋە شەيخلەر ئولتۇرىدىغان ئۆيلەرمۇ بار. ئۇردا پادىشاھىم مازىرىدا ئىككى چوڭ داش قازان بولۇپ، بۇنىڭ گىرۋەكلىرىگە سېرىق تۇچ ياللىتىلغان. بۇ ئىككى قازاننىڭ بىرىدە مىلادى 1864، ھىجرىيە 1281، يانا بىرىسىگە مىلادى 1910، ھىجرىيە 1328 دېگەن خەتلەر ناھايىتى چىرايلىق، كەشتىگە ئوخشاش ئويۇلغان. بۇ، قازانلارنىڭ شۇ يىللاردا قويۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە بۇ مازاردا «ئاخانە» ئىسىملىك بىر ئايۋان بولۇپ، كۆلىمى 200 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىمۇ 2 قازان بار. بۇنى خەلقلەر «ئالتۇن داش» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ قازانلاردىمۇ خەت بار. قازانلارغا

ئويۇلغان خەت شەكلىدىن قارىغاندا، شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتى، قەغەز ئۈستى يېزىق شەكىللىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئويمىچىلىقتىمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى مازارنى ھەر يىلى كونا يىلنامە بويىچە مۇھەررەم (1-ئاي) شەئبان (8-ئاي) ئايلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىن، ئاساسلىقى قەشقەردىن بىر قانچە ئون مىڭلىغان كىشىلەر كېلىپ تاۋاب قىلىپ قايتىدۇ. بۇ مازارەك جايىدا تاۋابتا كەلگەنلەر ناغرا، سۇناي، داپ، دۇتارلار بىلەن توپ-توپ بولۇپ، ھەلق قىلىپ كېلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا بۇ مازار ئەتراپى قايناق ئاۋات بازارغا ئايلىنىدۇ. يېمەكلىكلەر ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا تولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا يەرلىك خەلقلەر بۇ مەزرىنى «خىزدى قىيامەت» بوۋى دەپ تەرىپلىشىدۇ.

## 3. چۆجە پادىشاھىم مازىرى

چۆجە پادىشاھىم مازىرى (ھەسەن بۇغراخان ۋە ئەھسەن بۇغراخان ئىككى ئاكا، ئۇكا مازىرى) يېڭىسار ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىكى 4 كىلومېتىر يىراق بولغان لەڭگەر كەنتىنىڭ ئۈستىدىكى دۆڭلۈكتە بولۇپ، قەۋرە چوڭ كاھىشلىق رەڭدار گۈمبەز ئىچىگە ئېلىنغان.

سەيد ئەلى ئارسلانخان خوتەن بۇددىست قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قەشقەردە پۈتۈن خەلق قايغۇلۇق ماتەم تۇتىدۇ، ھەممە قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، جىددىي ھەربىي تەييارلىققا كىرىشىدۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۈچ ئوغلى ھەسەن بۇغراخان، ھۈسەيىن بۇغراخان ۋە ئەھسەن بۇغراخانلار 90 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن مىزغ ① يولى ئارقىلىق يېڭىسارنىڭ ئالتۇنلۇق دېگەن يېرىگە كېلىدۇ. خوتەن بۇددىست قوشۇنلىرىمۇ مۇشۇ يەرگە يېقىن جايدا ئالدىنقى سەپ مۇداپىئەسىنى قۇرغان ئىدى. نەتىجىدە ئىككى قوشۇن ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى شىددەتلىك ئۇرۇش بولىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا خوتەن بۇددىست قوشۇنلىرى ھىيلە بىلەن جەنۇبتا چېكىنىپ تېۋىزغا كېلىپ بۆكتۈرمە ياسايدۇ. بۇ چاغدا ئىسلام قوشۇنلىرى لەڭگەر يېزىسىدا قونالغۇ قىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ جايدا چۆجە پادىشاھىم مازىرى ئورۇنلاشقان چوڭلۇكتە ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېلىشىدۇ، ئۇرۇش تولا ۋاقىتلاردا ئارىلاشما جەڭگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇرۇش خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا ھۈسەيىن بۇغراخان بىلەن ھەسەن شېھىت بولىدۇ. (بۇلار مىلادى 1013-يىللىرى شېھىت بولىدۇ). شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى چۆجە پادىشاھىم مازىرى شەكىللىنىدۇ.

① مىزغ: توقۇزاق، ئوپال ئارقىلىق ماڭىدىغان يىپەك يولى.

چاچە پادىشاھىم مازىرىدا 2 چوڭ گۈمبەز بولۇپ، ھەسەن بۇغراخان بىلەن ئەھسەن بۇغراخان دەپنە قىلىنغان. گۈمبەزلەر ئېگىز، بىناكارلىق ئەنئەنىۋى سەنئىتى ئاساسىدا كاھىشلىق رەڭدار قىش ۋە نەقىشلەر بىلەن كۆركەم، ھەيۋەتلىك ياسالغان. گۈمبەز يېنىدا بىر مەسچىت، «شەربەتخانا» دەپ ئاتالغان بىر بۇلاق بار. بۇ جايمۇ ئوردا پادىشاھىم، ھەزرىتى بېگىمگە ئوخشاش خەلق زىيارەت، تاۋاب قىلىپ ئەززەت، ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان مۇقەددەس جايلاردىندۇر. بۇ مازارلارمۇ ھەيلىتى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېگەن ھەر دىكەتتە يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىلدى. مازىر ئۆزىنىڭ خارابىلىقىدا بىر تالانچە يۈزدانە تۇغ شەددىلار بار. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يەنە شەخسلەر پۇل چىقىرىپ ئاددىي بولسىمۇ مەسچىت بىلەن شەيخلەر تۇرىدىغان ئۆيلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

## 4. تىۋىز مازىرىم

تىۋىز مازىرى، (ھۈسەيىن بۇغراخان غازى مازىرى) يېڭىسار ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى 16 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان ئۈچار يېزا تىۋىز كەنتىدىكى سايلىقنىڭ چېكىسىگە ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ گۈمبىزى ساقلىنىپ قالغان. ھەسەن بۇغراخان، ئەھسەن بۇغراخانلارنىڭ ئىسلام قوشۇنلىرى تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلگەن خوتەن بۇددىست قوشۇنلىرى ھازىرقى تىۋىز كەنتىگە چېكىنىپ كەلگەندە، بۇ يەردە ھۈسەيىن بۇغراخاننىڭ قوشۇنى بىلەن دوقۇرۇشۇپ ئىككى ئارىدا قاتتىق جەڭ بولىدۇ. شۇ قېتىمقى قۇچاقلاشما جەڭدە ھۈسەيىن بۇغراخان غازى شېھىت قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تىۋىز مازىرى شەكىللىنىدۇ. تىۋىز مازىرى بىر چوڭ گۈمبەز ئىچىگە ئېلىنغان. ھۈسەيىن بۇغراخاننىڭ قەۋرىسى، گۈمبەز ئەتراپىدا شەيخلەر تۇرىدىغان ئۆيلەر، ئەتراپىدا زىيارەتگاھلىق بار. ھۈسەيىن بۇغراخان غازى 1013 يىلى ۋاپات بولغان.

## 5. «سەرۋازلىرىم» مازىرى

يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا 50 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ غەربىگە جايلاشقان قىزىل دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەدىمىي يۇرت بار. بۇ يۇرتنىڭ قورغان تام دېگەن يېرىدە (قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ بىر ئۆتىكىدە ئۇ، ھازىر قەشقەر ــ خوتەن تاشيولىنىڭ شەرقىدە 3 كىلومېتىر ئىچكىرىسىدە بولۇپ ئەينى ۋاقىتتىكى يولنىڭ ئىزنىسى، دەڭلەر، دوكانلارنىڭ ئىزنالىرى ساقلانغان-ئا) مۇندىن مىڭ يىل مۇقەددەم ئەھيا قىلىنغان چوڭ مەسچىت (بۇ مەسچىتمۇ مەدەنىيەت

ئىنقىلابىدا چېقىۋېتىلگەن، يېقىندا قايتا ياسالغان). كۆلىمى 10 مو ئەتراپىدا كېلىدىغان ھەيۋەتلىك بىر چوڭ كۆل، كۆلنىڭ غەربىي جەنۇبىدا «سەركەردىلىرىم» دەپ ئاتالغان مازار بار. بۇ جاي قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي يولى ئۈستىدىكى جايلاشقان، رىۋايەتلەر بىلەن ئىزلاردىن قارىغاندا، ھازىرقى قەشقەر- خوتەن تاشيولىنىڭ شىمالىدا (تاغ باغرىدا) كى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئىزلىرى بولۇپ، بۇ يولغا كۈزەتچى سۈپىتىدە، ئىككى يارقاراۋۇل، جانبازقاراۋۇل، قورغان تاغ قاراۋۇل، يۈسۈپ قادىرخانقاراۋۇل، ياقائېرىق قاراۋۇل، خان لەڭگەرى قاراۋۇلى قاتارلىق قاراۋۇلخانا ياكى چازىلارنىڭ ئىزلىرى ھازىرمۇ ئەينەن ساقلانماقتا.

خەلق بۇ جايلارنى قەدىمكى كارۋان يوللىرىنىڭ (يىپەك يولى) ئىزلىرى دەيدۇ. سەرۋازلىرىم مازىرى دېگەن جايدىكى يىپەك يولى بىراسا، ئوتتۇرا ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولسا كېرەك (بۇ يول ھازىرقى قەشقەر — خوتەن تاش يولىنىڭ شەرقىدە. قەدىمكى يىپەك يولى قەشقەر — خوتەن تاشيولىنىڭ غەربىدە ئىدى)

«سەركەردىلىرىم» مازىرى دەل ھازىرقى قەشقەر — خوتەن تاش يولىنىڭ شەرقىدە 3 كىلومېتىر جايدا ئۆز ئىزىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بۇ جايمۇ ئىلگىرى خەلقنىڭ «ئەھرىرىم، ھوشۇر ئايلىرىدا تاۋاپ قىلىدىغان، ھەر يىلى ئىككى ھېيتنى يېقىندىكى بىر قانچە يېزا خەلقى بىللە ئۆتكۈزىدىغان مۇقەددەس جاي سانىلىدۇ.

بۇ مازار جايلاشقان ئورۇن قورغان تام دەپ ئاتىلىپ كەلگىنىگە 1000 يىلدىن ئاشتى. بۇ جاي مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. پەقەت كۆل بىلەن مازارلا ساقلىنىپ قالدى. چۈنكى مازار، گۈمبەز ئۆيلەر بىلەن ئاھالىلەرنىڭ بىر دۆۋە توپىلىككە كۆمۈلگەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم قىلىشى بىلەن تۆت كەنت خەلقىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا 1500 دىن ئارتۇق كىشى ئازادە داماز ئوقۇيدىغان جامە قايتا ياسالغان. مەسچىت كۆلنىڭ غەربىگە جايلاشقان. بۇ مەسچىت قىزىلدىكى تۆت كەنت خەلقىنىڭ ئىككى ھېيت نامىزىنى بىرلىكتە ئوقۇپ ھېيت قىلىدىغان سورۇنى. ئادەتتە يېقىندىكى 2 كەنت خەلقى بۇ جايدا جۈمە نامىزى ئوقۇيدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى ئون مو، سۇ قاچىلاش ئورنى توققۇز مو كېلىدىغان ئۈچ مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى بۇ كۆل مىلادى 1013 — يىللىرىدا چېپىلغان كۆلدۇر. بۇ كۆلگە 10 — ئايلاردا بىر قېتىم سۇ توشقۇزۇلسا، كېيىنكى يىلى 5 — 6 ئايلارغىچە تۆت كەنت خەلقىنىڭ ئىچىشىگە، چارۋىلارنىڭ ئىچىشىگە بىمالال يېتىدۇ. ئەگەر بۇ كۆل بولمىغاندا قىزىل خەلقىنىڭ سۇ ئىچىش مەسىلىسى قىيىن بولغان بولاتتى. چۈنكى بۇ يېزىلاردا قىش كۈنلىرى سۇ بولمايدۇ. سەۋەبى، بۇ يېزىلارغا كېلىدىغان سۇلار تاغدىكى قار مۇزلارنىڭ ئې-

رىشىدىن ئېقىپ كېلىدىغان بولغاچقا، تاكى يىل يورۇپ ھاۋا ئىسسىغىچە سۇ زادىلا كەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا بۇ يۇرتتا كۆل خەلق تۇرمۇشىدا كام بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل. شۇنداقلا بۇ كۆل قىزىل خەلقىنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى.

قورغان تام كۆلىنىڭ چۆرىسىدە ئاسمانغا غۇلاچ يايغان ھەيۋەتلىك تېرەكلەر، ئاسمان گۈمبىزىنى ھاسىل قىلغان ھەيۋەتلىك رىدىلەر، باھار پەسلىنى ئەسلىتىدىغان سۆگەتلەر، غەربىدىكى جامە ئەتراپىدىكى يېزا ئۆيلىرى، بوستانلىقلار كۆلگە ئىنتايىن گۈزەللىك بېرىدۇ. بۇ جايغا كەلگەن كىشىلەر ھېچقانداق تونۇشتۇرۇشسىزلا بۇ جاينىڭ مۇقەددەس تارىخىي جاي ئىكەنلىكىنى ئۆزلىكىدىن قىياس قىلىشى تەس ئەمەس.

بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان «سەركەردىلەر» كىملەر؟ بۇنىڭدىن 1000 يىللار بۇرۇن قەشقەر ئىسلام قوشۇنلىرى بىلەن خوتەن بۇددىست قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلار داۋام قىلغان. ئۇرۇشلاردا غەلىبە بىلەن مەغلۇبىيەت دائىم ئالمىشىپ تۇرغان. بەزى ۋاقىتلاردا خوتەن بۇددىستلىرى ئۈستۈنلۈك قازىنىپ، قەشقەر ئىسلام قوشۇنلىرىنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلىپ غەلىبە قازانغان. لېكىن ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز ئېتىقادلىرى بويىچە ئۇرۇشتا ئىنتايىن قەتئىيەتلىك ۋە جاھىللىق بىلەن كۆرەشكەن. قىزىل يېزىسى دەل شۇ چاغلاردىكى ئۇرۇشلارنىڭ ئاساسلىق جەڭ مەيدانلىرىدىن بىرسى بولغان ئىكەن. مىلادى 993–يىلىدىن 1024–يىلىغىچە بولغان ئۇزۇن بىر مەزگىلدە، جەنۇبىي شىنجاڭدا قەشقەر ئىسلام قوشۇنى بىلەن خوتەن بۇددىست قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا قەشقەر ئىسلام قوشۇنلىرى يېڭىلىپ شاھزادە سەيد ئېلى ئارسلانخان خوتەن قوشۇنلىرى تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان. بۇ پاجىئەدىن كېيىن قەشقەر ئوتتۇرا ئاسىيا، بۇخارا قاتارلىق جايلاردىن ئەسكەر كەلتۈرگەن، ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ سېپى كېڭەيگەن. ئىككى ئوتتۇرىدىكى ئۇرۇش يەنىمۇ كەسكىنلەشكەن. مىلادى 1013– يىللىرى ئەتراپىدا قاراخانىلار قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىرىدىن يۈسۈپ قادىرخان، ئوبۇلھەسەنلەر يەكەندىكى ئۇرۇشتىن قايتىپ كېلىشىدە، ھازىرقى قىزىلدىكى يىپەك يولىنىڭ قونالغۇ يېرى لەڭگەر دېگەن جايدا قونىدۇ. شۇ جايدا بىر قاراۋۇل خانا (چازا) قۇردۇرىدۇ. چازا يېنىغا بىر جامە ۋە چوڭ كۆلنى چاپتۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھىم خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ ئۈستىگە چازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىن دەرھال قەشقەرگە كېلىپ 90 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تۈزۈپ، چوڭ قوشۇن بىلەن خوتەن بۇددىست قوشۇنلىرىنى قوغلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، قول ئاستىدىكى بارلىق قوشۇنلارغا، قولىدىكى نەيزىلىرى بىلەن بىر نەيزە ئۇچى توپىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى ئۇقتۇرغان. 90 مىڭ ئەسكەر بىر نەيزە



AltunOq

ئۇچىغا تويا ئېلىپ چىقىپ بۇ كۆلنى چاپقان. مەيلى قانداقلا بولسۇن، بۇ كۆل ئەنە شۇ زاماندا چېپىلغان كۆل بولۇپ، ھازىر 1000 يىل ئۆتتى.

بۇ جايدىكى «مەركەردىلىرىم» مازىرى شۇ ۋاقىتتا يۈسۈپ قادىرخان قاۋۇل، پاشئۇنئەسكەرنى قورغان تام قاراۋۇلىدا كۆزەتتە تورۇشقا بەلگىلەيدۇ. يېرىم يىلدىن كېيىن ئۇلارنى ئۆيلەپ قويىدۇ ھەمدە ئۆي جابدۇقلىرى، ئوزۇق-تۈلۈك، ھايۋان ۋە سايمانلارنى بېرىپ شۇ يەردە قالدۇرىدۇ. ئۇلار بالىۋاقىلىق بولۇپ كۆپىيىدۇ. يەر ئېچىپ، ئۆستەڭ قېزىپ ئىگىلىك يارىتىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قېچىپ كەلگەن خوتەن بۇددىست قوشۇنلىرى كېلىپ قېلىپ بۇلار بىلەن توقۇنۇشىدۇ، بىر نەچچە كۈن ئۇرۇشىدۇ، ئاخىرى بۇ ئونئەسكەر پاكى سەركەردە (سەرۋازلار) نىڭ ھەممىسى شېھىت بولىدۇ. بۇلار ئەنە شۇ جايغا دەپنە قىلىنغان ئىكەن. بۇ جايمۇ، يۇقىرىدا كۆرسەتكەن تۆت مازارغا ئوخشاش، خەلقلەر ئۇلۇغلاپ زىيارەت ۋە تاۋاپ قىلىپ كەلگەن مۇقەددەس جايلاردىندۇر. قىزىللىقلار ئۆزلىرىنى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ جەڭگىۋار سەرۋازلىرىنىڭ ئەۋلادى، باتۇرلارنىڭ پۇشتى، دەپ ئاتىشىدىكەن.

## 6. قىزىل دېگەن نام ھەققىدە

قىزىل سايلىق بىلەن قۇملۇق ئوراپ تۇرغان، تاغ سۈيى بىلەن تەمىنلىنىدىغان قىرغاق جاي بولۇپ، تاغدىن كەلگەن قار، مۇز، يامغۇر سۇلىرى قىزىل تاغنى يالاپ كەلگەچكە، سۇ قىزىل ئاقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇپراقمۇ قىزىل بولۇش بىلەن كىشىلەرنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىمۇ قىزغۇچ كۆرۈنىدۇ. سۈيى قىزىل بولۇش، تۇپرىقىنىڭ قىزىل بولۇشىدىكى تەبىئىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بۇ يۇرت قىزىل دەپ ئاتالغان.

يەنە بەزى ئېيتىشلاردا، قىزىل دېگەن ئىسىم ئەسلىدە «قەزىل» دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن قىزىل، پارىسچە بولۇپ، باتۇر، قەھرىمانلار ئورۇنلاشقان جاي دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. باتۇر، قەھرىمانلار ئورۇنلاشقان جاي مەنىسىدە قەزىل دەپ ئاتالغان، زاماننىڭ ئۆتىشى بىلەن شىۋە، تەلەپپۇزدا ئۆزگىرىش بولۇپ قىزىل بولغان دەيدۇ. يەنە بەزى رىۋايەتلەردە: بۇ جايدا، ئوتتۇرا ئەسىردىن باشلاپ ناھايىتى نۇرغۇن ئورۇشلار بولۇپ، قانلار دەريا بولۇپ ئاققان. تۇپراقمۇ قانلارنىڭ سىڭىشى بىلەن قىزىللىققا بويالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جاي قان كۆپ تۆكۈلگەن، قىزىل قان تۆكۈلگەن جاي دېگەندىن قىزىل بولۇپ ئۆزگىرىپ كەلگەن، دەيدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئۈچ رىۋايەتنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە پاكىتلىرى بولسىمۇ، سۇنىڭ قىزىل لاتقىلارنى ئېقتىپ كېلىشى بىلەن تۇپراقنىڭمۇ قىزىل بولۇشىدەك مۇشۇ تەبىئىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قىزىل دەپ ئاتالغان. لېكىن بۇنىڭ بىلەن بۇ يېزىنىڭ قىزىل ئاتىلىشىنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلىرى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىشنى ئاخىرلاشتى دېيەلمەيمىز.

1987- يىل ئىيول يېڭىسار

# ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر ھەققىدە بايان

ئەركىن ئابدۇرېھىم

ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى نەتىجىسىدىن شۇ مەلۇم بولدىكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى بارلىق سۆزلەر ئۈچ پرىنسىپ — لېكسىكىلىق پرىنسىپ، مورفولوگىيىلىك پرىنسىپ، سىنتاكسىسلىق پرىنسىپقا ئاساسەن، ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش، رەۋىش، پېئىل، مىقدار سۆزلەر، مودال سۆزلەر، ياردەمچى سۆزلەر ۋە ئۈندەش سۆزلەردىن ئىبارەت 11 تۈرگە بۆلىنىدۇ. بۇلار يەنە لېكسىكىلىق مەنا بىلدۈرۈش ياكى بىلدۈرەلمەسلىكى، جۈملىدە گىراماتىكىلىق مەنىگە ئىگە بولالىشى ياكى بولالماسلىقى ھەم جۈملىدە مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىنى ئادا قىلالىشى ياكى قىلالماسلىقى قاتارلىق تەرەپلەرگە ئاساسەن، مۇستەقىل سۆزلەر ۋە ياردەمچى سۆزلەر دەپ ئىككى چوڭ تۈركۈمگە بۆلىنىدۇ.

مۇستەقىل سۆزلەر دېگىنىمىز — لېكسىكىلىق ھەم گىراماتىكىلىق مەنىگە ئىگە بولغان، جۈملىدە مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەپ كېلەلەيدىغان سۆزلەردۇر. ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش، مىقدار سۆزلەر، رەۋىش، پېئىل، تەقلىدىي سۆزلەردىن ئىبارەت سەككىز سۆز تۈركۈمى بولسا مۇستەقىل سۆزلەردۇر. قالغانلىرى لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە بولمىغان، جۈملىدە سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتىيەلمەيدىغان، پەقەت جۈملىدە سۆز بىلەن سۆزنى، جۈملە بىلەن جۈملىنى باغلاش ھەم مۇستەقىل سۆزلەر ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ سۆز ۋە جۈملىلەرگە قوشۇمچە مەنا بېرىش رولىنىلا ئۆتەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ياردەمچى سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

مۇستەقىل سۆزلەر ئىچىدىكى سۈپەت، سان، ئالماش، مىقدار سۆزلەر، تەقلىدىي سۆزلەر، رەۋىش ۋە مودال سۆزلەرنىڭ بىر قىسمىلىرى، پېئىلنىڭ ھەرىكەت نامى ھەم سۈپەتداش شەكلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە خاس گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە (مەسىلەن: سۈپەت، سان، مىقدارلارنىڭ جۈملىدە ئاساسەن ئىسىملارغا باغلىنىپ، ئېنىقلىغۇچى بولۇشى، ئالماشلارنىڭ جۈملىدە باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئور-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىڭغا ئالمىشىپ كېلىپ، شۇ سۆزلەرنىڭ ۋەزىپىسىدە كېلىشى قاتارلىقلارغا ئوخشاش) ئىگە بولۇشتىن سىرت يەنە كونكرېت تىل ئالاقە شارائىتىدا ئىسىملارنىڭ ھەر خىل گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرىگە كىرىپ، ئىسىم رولىدا كېلەلەيدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىدا سۈپەت، سان، ئالماش، مىقدار سۆزلەر، تەقلىدىي سۆزلەر، رەۋىش ۋە مودال سۆزلەرنىڭ بىر قىسمىلىرى، پېئىللىنىڭ ھەرىكەت نامى ھەم سۈپەتداش شەكىللىرى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

يۇقىرىقى سۆزلەرنىڭ جۈملىدە ئىسىم رولىدا كېلەلەيدىغانلىق ئەھۋالىنى بىرمۇبىر كۆرۈپ ئۆتەيلى:

1. سۈپەت.

(1) سۈپەتلەر جۈملىدە ئىسىملارنىڭ سان قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، ئۆزى ئېنىقلىغان ئىسىمنىڭمۇ رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: چوڭلار كىچىكلەرگە ياردەم بېرىشى لازىم؛ بۇگۈن مۇكاپاتلانغانلارنىڭ ھەممىسى ئەلاچىلار.

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى چوڭ، ئەلاچى دېگەن سۈپەتلەر ئىسىملارنىڭ سان قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىگە ھەم خەۋەر بولۇپ كەلگەن.

(2) سۈپەتلەر جۈملىدە ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، ئۆزى ئېنىقلىغان ئىسىمنىڭمۇ رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: ياشنى، قارىغىنا، چىرايلىقىنىڭ كەپتۇ؛ ئىلھام سىنىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى.

بۇ جۈملىلەردە «چىرايلىق، ياخشى» دېگەن سۈپەتلەر ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىگە، خەۋەر ۋەزىپىلىرىدە كەلگەن.

(3) سۈپەتلەر جۈملىدە ئىسىملارنىڭ ھەر خىل كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، ئۆزى ئېنىقلىغان ئىسىمنىڭمۇ رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: ياخشى ياخشىنىڭ قايىشى، يامان يامانىنىڭ؛ ھەۋەللىم ئۇنى ئەلاچىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى؛ سىلەر چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشىڭلار كېرەك؛ سىلەر ئىلغارلارغا تېزلىكتە يېتىشىۋېلىشىڭلار كېرەك؛ ھاشىم ئىگىزدىن سەكرەپ، پۇتىنى سۇندۇرۇۋالدى؛ شۇنچە تاپىلىساممۇ ئۆزۈڭدا كەلدىڭ.

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «ياخشى، يامان، ئەلاچى، چوڭ، ئىلغار، ئېگىز، ئۇزۇن» دېگەن سۈپەتلەر ئىسىملارنىڭ ھەر خىل كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىگە، ئېنىقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە كەلگەن.

2. سان.

(1) ساناق ۋە تەرتىپ سانلار جۈملىدە ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىسى

بىلەن تىزىلىنىپ، ئۆزى ئىپادىلىغان ئىسىمنىڭمۇ رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: مەھبۇبە، سىزنى بىرى چاقىرىدۇ، ھەممە ئىشنى بۇزغان مۇشۇ ئىككىلىك; بىز ئۈچىمىز ئوقۇغۇچى; سىز ئاۋۇ كېلىۋاتقانلارنى تونۇمسىز؟ بىرىنچىسى مېنىڭ ئۇكام.

يۇقىرىقى جۈملىلەردە «بىر، ئىككى، ئۈچ، بىرىنچى» دېگەن ساناق ھەم تەرتىپ سانلار ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تىزىلىنىپ، جۈملىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىگە، خەۋەر قاتارلىق ۋەزىپىلەردە كەلگەن.

(2) ساناق سانلار جۈملىدە ئالدى بىلەن III شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى، ئاندىن كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن تىزىلىنىپ، تەرتىپ سانلار ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن تىزىلىنىپ، ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: بەشىڭلار مەيدان تازىلاڭلار، ئىككىڭلار سىنىپنى تازىلاڭلار; بىرىنچىلەر ئالدىغا چىقىڭلار; ۋەكىل بولۇپ سايلانغانلار مۇشۇ تۆتىڭلار.

يۇقىرىقى جۈملىلەردە «بەش، ئىككى، بىرىنچى، تۆت» دېگەن ساناق ۋە تەرتىپ سانلار ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن تىزىلىنىپ، جۈملىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىگە، خەۋەر قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

(3) ساناق ۋە تەرتىپ سانلار جۈملىدە ئاۋۋال ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىسى ياكى كۆپلۈك قوشۇمچىسى، ئاندىن ھەر خىل كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تىزىلىنىپ، ئۆزى ئىپادىلىغان ئىسىمنىڭمۇ رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: بۈگۈن ئىككى ئوقۇغۇچى كەلمىدى، بىرىنىڭ پۇتى سۇنۇپ كېتىپتۇ، بىرىنىڭ مۇھىم ئىشى چىقىپ قاپتۇ; بۇ ئىككىسىگە دادىسىدىن خەت كەلدى; ئاۋۇ تۆتىدە ئوشۇق بىلەت بار; بۈگۈن مۇسابىقىدىن خۇلاسە چىقىرىلدى: بىرىنچىلەرگە 100 سومدىن مۇكاپات بېرىلدى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچىلەرگە بىردىن رادىئو مۇكاپات بېرىلدى.

يۇقىرىقى جۈملىلەردە «بىر، ئىككى، تۆت، بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى» قاتارلىق ساناق ھەم تەرتىپ سانلار ئىسىملارنىڭ ھەر خىل كېلىش (ئاۋۋال تەۋەلىك ۋە كۆپلۈك) قوشۇمچىلىرى بىلەن تىزىلىنىپ، جۈملىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە كەلگەن.

(4) ئۆملۈك سانلار جۈملىدە ئىسىملارنىڭ ھەر خىل كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تىزىلىنىپ، ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: بۈگۈن ئۈچەيلەن نۆۋەتچى بولىمىز; ئىككەيلەننى ھەربىيلىككە قوبۇل قىلدى; ئىككەيلەندە ۋېلىسىپىت بار، بىرەيلەندە يوق; ھەممە سىر ئاشۇ ئۈچەيلەندە.

يۇقىرىقى جۈملىلەردە «ئۈچەيلەن، ئىككەيلەن، بىرەيلەن» قاتارلىق ئۆملۈك سانلار ئىسىملارنىڭ ھەر خىل كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تىزىلىنىپ، جۈملىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىگە، ئېنىقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى، خەۋەر قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

3. ئالماش

ئالماشلار ئۆزىگە خاس گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىگە ئىگە بولمىغان سۆز تۈركۈمى بولۇپ، ئۇلار باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، قايسى سۆز تۈركۈمىنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن بولسا، شۇ سۆز تۈركۈمىنىڭ رولىدا كېلىدۇ. ئالماشلارنىڭ باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى شۇ سۆز تۈركۈملىرىدەك سىستېمىلىق بولمايدۇ. جۈملىدىن ئالماشلارنىڭ ئىسىملارنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنىشىمۇ شۇنداق.

(1) بەزى ئالماشلار جۈملىدە ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: ئەھمەت، بۇ بالا سىزنىڭ كىمىڭىز؟؛ تۇرسۇن، نىمىڭىز يوقۇلۇپ كەتتى؟؛ ئۇنىڭ كىمى كەپتۇ؟

يۇقىرىقى جۈملىلەردە «كىم، نىمە» دېگەن سوراق ئالماشلىرى ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا خەۋەر، ئىگە ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەپ كەلگەن.

(2) بەزى ئالماشلار جۈملىدە ئىسىملارنىڭ سان قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: بۈگۈن يىغىنغا كىملەر قاتناشمىدى؟؛ قاسىم، ئالما ئالغىلى كەلدىڭىز؟ مۇنۇلار ياخشى ئىكەن، تېز ئېلىڭ؛ بەزىلەر قەستەن جېدەل چىقاردى، شۇڭا ئۇنداقلار بۇ قېتىم چوقۇم تەنقىدلىنىدۇ؛ پارتىنى سۇندۇرغانلار مۇنۇلار.

يۇقىرىقى جۈملىلەردە «كىم، مۇنۇ، ئۇنداق» دېگەن ئالماشلار ئىسىملارنىڭ سان قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىگە، خەۋەر ۋەزىپىلىرىدە كەلگەن.

(3) ئالماشلار جۈملىدە ئىسىملارنىڭ ھەر خىل كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: مەن ئەتە ئۈرۈمچىگە ماڭىمەن؛ بىزنى خوتەنگە تەقسىم قىلدى؛ ناسىر، سىزگە ئۇنىڭدىن خەت كەپتۇ؛ بۇ قەلەم كىمنىڭ؟؛ تۇرغۇن كىتابنى ئۆزەمگە ئەۋەتىڭ؛ ئۇلاردا زەمبىل بارمىكەن؟

بۇ جۈملىلەردە «مەن، بىز، سىز، ئۇ، كىم، ئۆزەم»، قاتارلىق ئالماشلار ئىسىملارنىڭ ھەر خىل كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئىگە، تولدۇرغۇچى، خەۋەر قاتارلىق ۋەزىپىلەردە كەلگەن.

4. مىقدار سۆزلەر

مىقدار سۆزلەر ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى بولغاچقا، ئادەتتە ئۇ، سانلار بىلەن بىرىكىپ، سان- مىقدار بىرىكمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا

تىل ئالاقە شارائىتىدا ئەنە شۇ بىرىكمە ھالىتىدە قوللىنىلىدۇ.

(1) سان - مىقدار بىرىكمىسى ئىسىملارنىڭ Ⅲ شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: بالام، ئاشخانا ئۆيىدە 10 جىڭ ياغ بار، 8 جىڭى خۇمىدا، 2 جىڭى شىشىدە، مەيەرگە ئېلىپ چىق.

بۇ جۈملىدە «8 جىڭ، 2 جىڭ» دېگەن سان - مىقدار بىرىكمىسى Ⅲ شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، بۇ تۈرلەنگەن بىرىكمە ئالدىنقى جۈملىدىكى ئىسىم(ياغ)غا ۋەكىللىك قىلىپ، جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

(2) سان - مىقدار بىرىكمىسى جۈملىدە ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: ئاۋۇ كىشى بەش ئۇلاغ ئوتۇن ئەكەپتۇ، 2 ئۇلىغىنى سەن ئال، ئۈچ ئۇلىغىنى مەن ئالاي؛ بىزگە 10 تۈپ تېرەك تەقسىم بولدى، بەش تۈپىگە سەن ئىگە، بەش تۈپىگە مەن ئىگە؛ بىلگىن سارجا سېتىپتىكەن، بەش مېتىر ئالدىم؛ ئۆتكەندە ئىككى توننا كۆمۈر ئېلىپ پۇلىنى بەرمىگەنتۇق، بىر توننىسىنىڭ سەندە، بىر توننىسىنىڭ مەندە.

بۇ جۈملىلەردە «2 ئۇلاغ، ئۈچ ئۇلاغ، بەش تۈپ، بەش مېتىر، بىر توننا» دېگەن سان - مىقدار بىرىكمىلىرى ئىسىملارنىڭ ھەر خىل كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، ئالدىنقى جۈملىلەردىكى «ئوتۇن، تېرەك، سارجا، كۆمۈر» دېگەن ئىسىملارغا ۋەكىللىك قىلىپ، جۈملىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە كەلگەن.

5. تەقلىدىي سۆزلەر

(1) تەقلىدىي سۆزلەر جۈملىدە ئىسىملارنىڭ سان قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: تېخىچە ۋاراڭ - چۇرۇڭلار توختىمىدى؛ ئۇنى ئۇخلاتمىغان سىرتتىكى گۈلدۈر - تاراقلار.

يۇقىرىقى جۈملىلەردە «ۋاراڭ - چۇرۇڭ، گۈلدۈر - تاراق» دېگەن تەقلىدىي سۆزلەر ئىسىملارنىڭ سان قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىگە، خەۋەر ۋەزىپىلىرىدە كەلگەن.

(2) تەقلىدىي سۆزلەر جۈملىدە ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ۋاراڭ-چۇرۇڭمۇ توختامدۇ، يوق؟؛ نېمە؟ سىزنى ئۇخلاتمىغان مېنىڭ گۈلدۈر-غالىپىم؟؛ ئۇلارنىڭ جاراڭ-جۇرۇڭلىرى قاچان بېسىقار؟

يۇقىرىقى جۈملىلەردە «ۋاراڭ-چۇرۇڭ، گۈلدۈر-غالاپ» دېگەن تەقلىدىي سۆزلەر ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئايرىم-ئايرىم ھالدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىگە، خەۋەر قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كەلگەن.

(3) تەقلىدىي سۆزلەر جۈملىدە ئىسىملارنىڭ ھەر خىل كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: تاراق—تۇرۇق ئەمدى توختىدى؛ ئاۋۇ ئىمىر—چىمىرنى كۆردىڭىزمۇ؟؛ تالادىكى ۋاراڭ—چۇرۇڭغا قۇلاق سالماڭلار؛ ھەي......، بۇ پاك—پۇكنىڭ توختىمىقى ئەجەپ تەس بولدى؛ بۇ ۋاراڭ—چۇرۇڭدىن ئاران قۇتۇلدۇم؛ بۇ جاراڭ—جۇرۇڭدا ھېچ ئىش قىلالمىدىم؛ بىزنى ئۇخلاتمىغان ئاشۇ تاراڭ—تۇرۇڭ.

يۇقىرىقى جۈملىلەردە «تاراق—تۇرۇق، ئىمىر—چىمىر، ۋاراڭ—چۇرۇڭ، پاك—پۇك، جاراڭ—جۇرۇڭ، تاراڭ—تۇرۇڭ» قاتارلىق سۆزلەر ئىسىملارنىڭ ھەر خىل كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ جۈملىدە ئايرىم—ئايرىم ھالدا ئىگە، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، خەۋەر قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كەلگەن.

### 6. بىر قىسىم رەۋىشلەر

(1) بىر قىسىم ئورۇن ۋە ۋاقىت رەۋىشلىرى جۈملىدە ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: ئۇ ئۆزەڭنىڭ يېقىنىڭ ئەمەسمۇ؟؛ ئۇ چاغدىكى يېقىنلىرىڭ قېنى؟؛ بۈگۈن بىر نەچچە يېقىنلىرىم ئىزدەپ كەلدى؟؛ تويغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ يېقىنلىرى؛ ئۇلارنىڭ بۈگۈنى بىزنىڭ ئەتىمىز؛ ئەتەڭ قانداق بولىدۇ، ئۇنى بىلگىلى بولمايدۇ.

يۇقىرىقى جۈملىلەردە «يېقىن، بۈگۈن، ئەتە» دېگەن ئورۇن ۋە ۋاقىت رەۋىشلىرى ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئىگە، خەۋەر قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كەلگەن.

(2) بىر قىسىم ئورۇن ۋە ۋاقىت رەۋىشلىرى جۈملىدە ئىسىملارنىڭ ھەر خىل كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: ئۇ، يۇقىرىغا بەك خۇشامەت قىلىدۇ؛ بىز يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىشلىدۇق؛ ھەر قانداق ئىشتا يۇقىرىنى ئالدىماسلىقىمىز لازىم؛ بۇ يۇقىرىدىن چۈشكەن ھۆججەت؛ ھەممە مەسئۇلىيەت يۇقىرىدا؛ ئۇلار تۆۋەنگە چۈشۈپ ئىشلەيدىغان بولدى؛ ئۇ ھەممە ئىشتا يىراقنى كۆزلەيدىغان ئادەم؛ دوستۇم، بۈگۈننى دەپ ئەتىدىن قۇرۇق قالما، يەنە؛ بۈگۈننىڭ بۈگۈنچە بولسۇن، ئەتىنىڭ ئەتىچە (بولسۇن)،

بۇ جۈملىلەردە «يۇقىرى، تۆۋەن، يىراق، بۈگۈن، ئەتە» دېگەن ئورۇن ۋە ۋاقىت رەۋىشلىرى ئىسىملارنىڭ ھەر خىل كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت، خەۋەر قاتارلىق ۋەزىپىلەردە كەلگەن.

### 7. بىر قىسىم مودال سۆزلەر

(1) بىر قىسىم مودال سۆزلەر جۈملىدە ئىسىملارنىڭ ھەر خىل كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: يوقنىڭ غېمىنى قىلماڭلار؛ يوقلارنى ئىزدىلاپ تويۇڭ؛ بارنى بەر، يوققا مەيلى؛ ماقۇلغا جاۋاب يوق؛ باردا پولدۇرۇڭ، يوقتا ئولتۇرۇڭ دەپتىكەن؛ بار بارىبىلەن، يوق ھالىبىلەن.

يۇقىرىقى جۈملىلەردە «يوق، بار، ماقۇل» دېگەن مودال سۆزلەر ئىسىملارنىڭ ھەر خىل كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئايرىم—ئايرىم ھالدا ئېنىقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى، ئىگە قاتارلىق ۋەزىپىلەردە كەلگەن.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، رەۋىش ۋە مودال سۆزلەرنىڭ پەقەت بىر قىسمىلا كونكرېت تىل ئالاقە شارائىتىدا ئىسىم رولىدا كېلەلەيدۇ. شۇڭا رەۋىش بىلەن مودال سۆزلەرنى سۈپەت، سان ۋە ئالماشلار بىلەن ئوخشاش دەرىجىدىكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

### 8. ھەرىكەت نامى

ھەرىكەت ناملىرى پېئىللىقتىن ئىسىملىشىشقا قاراپ يۈز تۇتقان سۆز تۈركۈمى بولۇپ، ئۇ، شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ.

ھەرىكەت ناملىرىنىڭ ئىسىملىق خاراكتېرى ناھايىتى قويۇق بولۇپ، ئۇ جۈملىدە ئىسىملارنىڭ ھەممە كاتېگورىيىلىرىگە كىرىپ، ئىسىم رولىدا كېلىدۇ.

(1) ھەرىكەت نامى جۈملىدە ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: ئانا، ئوقۇشۇم پۈتتى دەپ قالدى؛ ئۇنىڭ كېلىشى يېقىنلاپ قالدى؛ ھەممىمىزنى جىددىيلەشتۈرگەن سىنىڭ ئوقۇشۇڭ.

يۇقىرىقى جۈملىلەردە «ئوقۇش، كېلىش» دېگەن ھەرىكەت ناملىرى ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ جۈملىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىگە، خەۋەر قاتارلىق ۋەزىپىلەردە كەلگەن.

(2) ھەرىكەت نامى جۈملىدە ئىسىملارنىڭ سان قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇشلار باشلىنىپ كەتتى.

بۇ جۈملىدە «ئوقۇش» دېگەن ھەرىكەت نامى ئىسىمنىڭ سان قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

(3) ھەرىكەت نامى جۈملىدە ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: مەشىق قىلىش ئاياغلاشتى؛ ئالماقنىڭ بەرمىكى

www.uyghurkitap.com

بار؛ بۇ يىل ئوقۇشنى تۈگەتتىم؛ ئاكام ئوقۇش پۇلى تاپشۇرۇپ بولدى؛ ئۇ، ئەسە- رىنى يېزىشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ.

يۇقىرىدىكى جۈملىلەردە «مەشىق قىلىش، ئاتماق، ئوقۇش، يېزىش» قاتارلىق ھەرىكەت نامىلىرى ئىسىملارنىڭ ھەر خىل كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىگە، ئېنىقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە كەلگەن.

9. سۈپەتداش

سۈپەتداشلار پېئىللار ئىچىدىكى ھەم پېئىللىق، ھەم سۈپەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە سۆزلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقىنىڭ ئۆزى ئىسىم رولىدىمۇ كېلەلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. جۈملىدە سۈپەتلەر يۇقى- رىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۆز رولىدىن باشقا يەنە جۈملىدە ئىسىملارنىڭ ھەر خىل كاتېگورىيىسىگە كىرىپ، ئىسىم رولىدا كېلىدۇ.

(1) سۈپەتداشلار جۈملىدە ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلى- نىپ، ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: ئەتە ماڭىدىغانلىقىم مۇقىملاشتى؛ ئۇ خەت- نى يازغانلىقىنىڭ ئوبدان بوپتىكەن؛ ئىبراھىمنىڭ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرغانلىقى ئاخىرى توغرا بولۇپ چىقتى.

بۇ جۈملىلەردە «ماڭىدىغان، يازغان، تۇرغان» دېگەن سۈپەتداشلار ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىلىرىدە كەلگەن.

(2) سۈپەتداشلار جۈملىدە ئىسىملارنىڭ سان قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: كۆرگەن كۆرگەننى قىلار، كۆرمىگەن نېمىنى قىلار؛ ئاۋۇ ئولتۇرغانلارنىڭ سول تەرىپىدىكى مېنىڭ دوستۇم؛ بۇ بايراقنى بىرىنچى بولغانلارغا بېرىمىز؛ بۇ مەسىلىنى بىلمىدىغانلاردىن سورا؛ ئاۋۇ ئولتۇرغانلاردا جۈرئەت يوق ئىكەن.

بۇ جۈملىلەردە «كۆرگەن، ئولتۇرغان، بولغان، بىلمىدىغان» دېگەن سۈپەتداشلار ئىسىم- لارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىگە، تول- دۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە كەلگەن.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن سۆز تۈركۈملىرى ۋە قىسمەن رەۋىش ھەم مودال سۆزلەرنىڭ جۈملىدە ئۆز رولىدىن باشقا يەنە ئىسىم رولىدىمۇ كېلەلىشى تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىدىكى بايلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر ئوي پىكىرىمىز- نى تېخىمۇ ئىخچام، مەزمۇنلۇق، گۈزەل، تەسىرلىك ئىپادىلىشىمىزگە كۆپ ياردەم بېرىدۇ.

1987-يىل دېكابىر، قەشقەر

# رەۋىشلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى

ئەركىن بارات

هازىرقى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا رەۋىشلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى توغرىسىدا مۇكەممەل بىر چۈشەنچە بېرىلمەي كەلدى. پەقەت قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تۈزگەن «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» كىتابىدا «رەۋىشلەر سۈپەتلەرگە ئوخشاش ئاددىي، سېلىشتۇرما ۋە ئاشۇرما دەرىجىلەرگە ئىگە. بۇ رەۋىشلەرنىڭ سۈپەتلەرگە ئوخشايدىغان بەلگىلىرىنىڭ بىرىدۇر. رەۋىشلەرنىڭ دەرىجە سۈپەتلەرگە قارىغاندا ئانچە تەرەققىي قىلمىغان ۋە رەۋىشلەرنىڭ دەرىجىلىرى ئىش - هەرىكەت بەلگىلىرىنى باشقا بىر بەلگىگە سېلىشتۇرۇپ ئارتۇق ياكى كەملىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ» دەپ قويۇش بىلەنلا چەكلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» كىتابلىرىدىمۇ رەۋىشلەرنى «ئۆزىگە خاس گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىسى يوق. شۇڭا رەۋىشلەر جۈملىدە قايسى سۆز تۈركۈمىنىڭ رولىدا كەلسە، شۇ سۆز تۈركۈمىگە خاس گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە بىلەن تۈرلىنىدۇ» دېيىلگەن. مەسىلەن: ① ئۇلار يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشتى. ② كەيپىنى ئازراق قىلىپ، ئىشنى جىقراق قىلايلى. ③ بىز هەر كۈنى سەھەردە يۈگۈرىمىز. دېگەندەك مىساللار كەلتۈرۈلۈپ، «ئىسىم ئورنىدا كېلىپ، كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن، سۈپەت ئورنىدا كېلىپ دەرىجە قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنەلەيدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. گەرچە رەۋىشلەر مۇستەقىل بىر سۆز تۈركۈمى بولسىمۇ، هېچقانداق بىر گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىسىگە ئىگە ئەمەسلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

ئۆگىنىش ـ ماناشۇنى هېس قىلدۇردىكى، ئەمەلىيەتتە رەۋىشلەردە خۇددى سۈپەتلەرنىڭكى دەرىجە كاتېگورىيىسىنىڭ فورمىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان دەرىجە كاتېگورىيىسى بولىدۇ. تۆۋەندە بۇ هەقتە هېس قىلغانلىرىمنى يىغىنچاقلاپ ئوتتۇرىغا قويىمەن.

ئالدى بىلەن رەۋىشلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسىگە تەبىر بېرىپ ئۆتەيلى، ئىش - هەرىكەتنىڭ مەلۇم خۇسۇسىيىتىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، شۇ خۇسۇسىيەتنىڭ



AltunOq

بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە رەۋىشلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن، «ئاستا» دېگەن رەۋىشنى ئالساق، ئۇنىڭدىكى ھەرىكەتنىڭ ئاستىلىق دەرىجىسى ھەر دائىم ئوخشاش بولىۋەرمەيدۇ. يەنى، بۇنى «ئاستا، ئاستىراق، ناھايىتى ئاستا، ئاستىغىنا» دەپ ئىپادىلىسەك، گەرچە ھەممىسى «ئاستا» دىن ئىبارەت بىر ھەرىكەتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى(ھالىتىنى) بىلدۈرىۋاتسىمۇ، لېكىن ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئاستىلىق دەرىجىسى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ خىلدىكى سۈپەتلەرنىڭ ھەممە خۇسۇسىيىتىنىڭ بىر خىل بولماي دەرىجىلىك ھالدا ئىپادىلىنىشىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رەۋىشلەرمۇ خۇددى سۈپەت دەرىجىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئاددىي دەرىجە، سېلىشتۇرما دەرىجە، ئاشۇرۇش دەرىجىسى ۋە ئەركىلىتىش دەرىجىسى قاتارلىق دەرىجىلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمىز. خوش، ئۇنداق بولسا، نېمە ئۈچۈن ئەسلىدە سۈپەتلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىۋاتقان بۇ خىل دەرىجىلەر بۇ يەردە رەۋىشلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ؟

ئۇيغۇر تىلىدا رەۋىشلەر بىلەن سۈپەتلەر ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ ئىككى خىل سۆز تۈركۈمى كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن بىر-بىرىگە يېقىن. جۈملىدە بىرسىنىڭ ئورنىدا يەنە بىرىنى قوللىنىشقا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا جۈملىدە سۈپەتلەر ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپىنى رەۋىشلەر ئۆتەپ قالىدىغان ياكى كۆپ ھاللاردا جۈملىدە رەۋىشلەر ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپىنى سۈپەتلەر ئۆتەپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: ①ئۇ ياخشى ئىشلىدى. ②مەنخەتنى چىرايلىق يازىمەن. ③ئۇ كۆپكىشىلەرنى كۆردى. ④بۇ ئىتتىك پىچاق ئىكەن.

1-، 2- مىساللاردىكى «ياخشى، چىرايلىق» دېگەن سۈپەتلەر «ئىشلىدى، يازىمەن» دېگەن پېئىللارغا باغلىنىپ، جۈملىدە ھالەت بولۇپ كەلگەن. ئەمەلىيەتتە ھالەت بولۇش ۋەزىپىسى كۆپ ۋاقىتلاردا رەۋىشلەرگە يۈكلىنىدۇ. 3-، 4- مىساللاردىكى «كۆپ، ئىتتىك» دېگەن رەۋىشلەر «كىشى، پىچاق» دېگەن ئىسىملارغا باغلىنىپ، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن. ئەمەلىيەتتە ئېنىقلىغۇچى بولۇش ۋەزىپىسى كۆپ ۋاقىتلاردا سۈپەتلەرگە يۈكلىنىدۇ.

سۈپەتلەر بىلەن رەۋىشلەرنىڭ يەنە بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، رەۋىش ۋە سۈپەتلەرنىڭ ھەر ئىككىسى خۇسۇسىيەت (شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى ياكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ خۇسۇسىيىتى) نى ئىپادىلەيدۇ. شۇنداقلا، كۆپ ھاللاردا جۈملىدە ئوخشاشلا «قانداق؟» دېگەن بىرلا سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ① ئۇ بىر

گە چاپسان يېتىشىۋالدى. ② ئۇ ناھايىتى ئاستا سۆزلىدى. ③ ئۇ كىچىك بالا ئىكەن. ④ ئۇ تىرىشچان ئوقۇغۇچى.

1 ـ، 2 ـ مىساللاردىكى «چاپسان، ناھايىتى ئاستا» دېگەن رەۋىشلەر «يېتىشىۋالدى، سۆزلىدى» دېگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرۈپ، «قانداق؟» دېگەن سوئالغا جاۋاپ بولۇپ كەلسە، 3 ـ، 4 ـ مىساللاردىكى «كىچىك، تىرىشچان» دېگەن سۈپەتلەر «بالا، ئوقۇغۇچى» دېگەن ئىسىمنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرۈپ، «قانداق؟» دېگەن سوئالغا جاۋاپ بولۇپ كەلگەن.

يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش، رەۋىشلەر بىلەن سۈپەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئالاقىسى ئىنتايىن قويۇق بولغاچقا، رەۋىشلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسى سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسىنى ئىپادىلىگۈچى فورمىلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ قالىدۇ. لېكىن شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، رەۋىشلەر خۇددى سۈپەتلەرنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان دەرىجە پەرقلىرىگە ۋە دەرىجە فورمىلىرىغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن سۈپەتلەرنىڭ دەرىجىسى بىلەن رەۋىشلەرنىڭ دەرىجىسىدە ئىپادىلىنىدىغان خۇسۇسىيەت ۋە مەنا ئوخشاش بولمايدۇ. يەنى، سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسى ئىسىملار ۋە باشقا شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئىپادىلىسە، رەۋىشلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا رەۋىشلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسىنى چەتكە قېقىشقا ۋە سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسى بىلەن پەرقسىز ھالدا بىر تۇتاش مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمدى تۈۋەندە سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسى بىلەن قايتا ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن رەۋىش دەرىجىلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق، رەۋىشلەردە ئىپادىلىنىدىغان دەرىجىنىڭ سۈپەتلەرنىڭ دەرىجىسىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

### 1. ئاددىي دەرىجە

① سۈپەتلەردىكى ئاددىي دەرىجە: شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاشۇرماي ياكى كېمەيتمەي، ئادەتتىكىچە كۆرسىتىپ بېرىدىغان سۈپەت دەرىجىسى سۈپەتلەرنىڭ ئاددىي دەرىجىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

سۈپەتلەرنىڭ ئاددىي دەرىجىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مەخسۇس گىرامماتىكىلىق قوشۇمچە ئىشلىتىلمەيدۇ. مەسىلەن: ئاق، قارا، قىزىل، كۆكلۈك، ياخشى، چىرايلىق، ئىگىز...

② رەۋىشلەردىكى ئاددىي دەرىجە:

ئىش ـ ھەرىكەت خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئادەتتىكىچە، نورمال ھالەتتە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان رەۋىش دەرىجىسى ـ رەۋىشلەرنىڭ ئاددىي دەرىجىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

رەۋىشلەرنىڭ ئاددىي دەرىجىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ مەخسۇس گىرامماتىكىلىق

قوشۇمچە ئىشلىتىلمەيدۇ. مەسىلەن: تېز، چاپسان، بالدۇر، دادىل، تەستە، ئاستا، ئاران، ئىلدام، تۇيۇقسىز، يېقىن، نېرى، ئارقا، ئىچكىرى، تۆۋەن، ئۇزاق، ئەتە، ئاخىر، كې-چە، ئەتىگەن، كەچ، ھېلى، بايا، بۇرۇن، كېيىن، قەستەن، ئاز، كۆپ، نۇرغۇن...

## 2. سېلىشتۇرما دەرىجە

① سۈپەتلەردىكى سېلىشتۇرما دەرىجە: شەيئىلەرنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ، ئۇ-لارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۈ-پەت دەرىجىسى سۈپەتلەرنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئامىنەم ئۆگىنىشتە ياخشى، پاتەم ئۇنىڭدىن ياخشىراق.

سېلىشتۇرما دەرىجە ئاددىي دەرىجىدىكى سۈپەتلەرنىڭ ئاخىرىغا «راق، رەك» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: قىزىل — قىزىلراق، ياخشى — ياخشىراق، كەڭ — كەڭرەك، بېلەك — بېلەكرەك......

② رەۋىشلەردىكى سېلىشتۇرما دەرىجە

ئىش - ھەرىكەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ خۇ-سۇسىيەتلىرىنىڭ ئاھەڭتىكى نورمال ھالەتتىن سەل كۈچەيگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىش دەرىجىسى رەۋىشلەرنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: مەن سەندىن تېزرەك يۈگۈرەلەيمەن.

بۇ مىسالدىكى «تېزرەك» دېگەن رەۋىش سېلىشتۇرما دەرىجىدىكى رەۋىشتۇر.

رەۋىشلەرنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى ئاددىي دەرىجىدىكى رەۋىشلەرنىڭ ئاخىرىغا «راق، رەك» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: چاپسان — چاپسانراق، ئەستايىدىل — ئەستايىدىلراق، تۆۋەنرەك، كەچرەك، بەكرەك، ئازراق...

## 3. ئاشۇرۇش دەرىجىسى

① سۈپەتلەردىكى ئاشۇرۇش دەرىجىسى:

شەيئىلەر خۇسۇسىيىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىسىنى كۆرسىتىدىغان سۈپەت دە-رىجىسى سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرۇش دەرىجىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاشۇرۇش دەرىجىسى سۈپەتلەرنى يېرىم تەكرارلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: قىزىل — قىپ - قىزىل، قارا - قاپ - قارا، يۇمىلاق - يۇپ يۇمىلاق...

ئاشۇرۇش دەرىجىسى يەنە سۈپەتلەرنىڭ ئاددىي دەرىجىسىنىڭ ئالدىغا «ئەڭ، بەك، ئىنتايىن، ئەجەپ، ناھايىتى، تېخىمۇ» دېگەندەك ئوخشاش كۈچەيتىش رەۋىشلىرى-نىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئەڭ ياخشى، بەك ئوچۇق، ناھايىتى چىراي

لىق، ئەجەپ ئوبدان، ئېھتىمال ئىكەن...

② رەۋىشلەرنىڭ ئاشۇرۇش دەرىجىسى:

ئۇمۇ – ھەرىكەت خۇسۇسىيىتىنىڭ ئادەتتىكى نورمال ھالەتتىن يۇقىرى دەرىجىدە كۈچەيگەنلىكىنى، ئاشقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان رەۋىش دەرىجىسى رەۋىشلەرنىڭ ئاشۇرۇش دەرىجىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئىككىمىزنىڭ ئۆيى يېقىن. ئىككىمىزنىڭ ئۆيى بەك يېقىن.

بۇ مىسالدىكى «بەك يېقىن» دېگەن رەۋىش ئاشۇرۇش دەرىجىسىدىكى رەۋىش بولۇپ، ئىككىمىزنىڭ ئۆيىنىڭ يېقىنلىقىدىن ئىبارەت نورمال ھالەتتىن يۇقىرى دەرىجىدە كۈچەيگەن، ئىنتايىن يېقىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.

رەۋىشلەرنىڭ ئاشۇرۇش دەرىجىسى ئاددىي دەرىجىدىكى رەۋىشلەرنىڭ ئالدىغا «ئەڭ، بەك، ئىنتايىن، ناھايىتى، ئاجايىپ، تولىمۇ، بەكمۇ، كارامەت» دېگەنگە ئوخشاش كۈچەيتىش رەۋىشلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئەڭ ئىز، بەك ئاستا، ئىنتايىن يېقىن، ناھايىتى تېز، ئاجايىپ سەھەر، تولىمۇ ئاز، بەكمۇ ئۇزۇن، كارامەت يۇقىرى...

## 4. ئەركىلىتىش دەرىجىسى

① سۈپەتلەردىكى ئەركىلىتىش دەرىجىسى: شەيئىلەر خۇسۇسىيىتىنىڭ كىشىگە يېقىملىق تۇيۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت دەرىجىسى سۈپەتلەرنىڭ ئەركىلىتىش دەرىجىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

سۈپەتلەرنىڭ ئەركىلىتىش دەرىجىسى ئاددىي دەرىجىدىكى سۈپەتلەرنىڭ ئاخىرىغا «غىنا، قىنا، گىنە، كىنە» دېگەن قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئاققىنا بىر بالا، سېمىزغىنا بىر كىشى، كىچىككىنە بىر قىزچاق، ئېگىزگىنە بىر ئادەم...

② رەۋىشلەردىكى ئەركىلىتىش دەرىجىسى:

ئۇمۇ – ھەرىكەت خۇسۇسىيىتىنىڭ كىشىگە ئادەتتىكىدىن سەل يېقىملىق تۇيۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىش دەرىجىسى رەۋىشلەرنىڭ ئەركىلىتىش دەرىجىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇ مېنى ئاز تەنقىد قىلدى؛ ئۇ مېنى ئازغىنا تەنقىدلىدى.

بۇ مىسالدىكى «ئازغىنا» دېگەن رەۋىش ئەركىلىتىش دەرىجىسىدىكى رەۋىش بولۇپ، كىشىگە ئاڭلىنىش جەھەتتىن «ئاز تەنقىد قىلدى» دېگەندىن كۆرە، «ئازغىنا تەنقىد قىلدى» دېگەن جۈملە نىسبەتەن يېقىملىق تۇيۇلىدۇ. كېيىنكىسىنىڭ يېقىملىق تۇيۇلۇشى «ئازغىنا» دېگەن ئەركىلىتىش دەرىجىسىدىكى رەۋىشنىڭ بولغانلىقىدىندۇر.

www.uyghurkitap.com

رەۋىشلەرنىڭ ئەركىنلىشىش دەرىجىسىز ئادەتتىكى دەرىجىدىكى رەۋىشلەرنىڭ ئاخىرىغا -غىنا، -قىنا، -كىنە، -گىنە دېگەن قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: چاپسانغىنا، چاققانغىنا، پۇختىغىنا، ئاستاغىنا، يىراققىنا، ئۇزاققىنا، ھازىرغىنا، ھېلىغىنا، ئاجايىپقىنا، ئازغىنا، جىققىنا، ئەتىگىنە، ...

يىغىپ ئېيتساق، ئۇيغۇر تىلىدا، رەۋىشلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى بار بولۇپ، بىز بۇلەرنى پاكىتلارغا قاراپ ئۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

بىراق يەنە شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىزكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشلەردە يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ۋە مۇستەقىللىققا ئىگە بىر يۈرۈش دەرىجە كاتېگورىيىسى ۋە دەرىجە تۈرلىرى بولسىمۇ، لېكىن رەۋىشلەردىكى بۇ دەرىجىلەر سۈپەتلەردىكى دەرىجىگە قارىغاندا نىسبەتەن پاسسىپ ئورۇندا تۇرىدۇ ھەمدە تەرەققىياتىمۇ سۈپەتلەرگە قارىغاندا ئارقىدا تۇرىدۇ. چۈنكى سۈپەتلەردىكى دەرىجە قوشۇمچىلىرى خېلى ئاكتىپ بولۇپ، خېلى كۆپ قىسىم سۈپەتلەرگە ئۇلىنىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنى بىلدۈرەلەيدۇ. ئەپسۇسكى رەۋىشلەردىكى دەرىجە قوشۇمچىلىرى رەۋىشلەرنىڭ دەرىجىسىنى بىلدۈرۈش ۋە كۆپ قىسىم رەۋىشلەرگە قوشۇلۇش جەھەتتە سۈپەتلەرگە يېتەلمەيدۇ. ئەمما بۇ خىل ئاجىزلىق رەۋىشلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا توسالغۇ بولالمايدۇ.

1987-يىل ئىيۇل. قەشقەر

پايدىلىنىلغان ئەدەبىياتلار:


1. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (قازاقىستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تۈزگەن).
2. ئابدۇكېرىم باقى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى.
3. نەسرۇللا: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.
4. تۇردى ئەخمەت: «ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشرى.

# ئۆمەر ھەييام ۋە ئۇنىڭ «رۇبائىيات» ناملىق دىۋانى

ئالىمجان رەجەپ

ئۆمەر ھەييام — ئوتتۇرا ئەسىردىكى پارسلارنىڭ مەشھۇر شائىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتى غەربىي ئاسىيانىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى پەلسەپە ۋە ئەدەبىيات — سەنئەت ساھەسىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. ئۇ (1016 — 1040 -يىللار ئارىسىدا) ئىراننىڭ خۇراسان ۋىلايىتىدىكى نىشاپور شەھىرىدە تۇغۇلدى. ياش چاغلىرىنى، بەلخ، بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق جايلاردا بىلىم ئېلىش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇ پەيلاسوپ، ماتېماتىك، ئاسترونوم بولۇپلا قالماي، بەلكى «ئەركىنلىكنى تەشەببۇس قىلغۇچى دۇتەپەككۇر»، «تەنبىھ (ھېكمەتلىك) سۆزلەر يازغۇچى» دېگەن ناملار بىلەن جاھانغا تونۇلدى. ئۆمەر ھەييام ياشىغان نىشاپۇر شەھىرى ئەينى ۋاقىتتا خۇراسان ۋىلايىتىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئىران جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. مەدەنىيەت مەركىزى ھېسابلانغان بۇ شەھەردە ئىلىم — پەن گۈللەپ ياشنىغان ئىدى. بۇ خىل مۇھىت ئۆمەر ھەييامنىڭ ئىلىمدە كامالەتكە يېتىشى ئۈچۈن بەلگىلىك رول ئوينىدى. ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ياردىمىگە ئېرىشكىنى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خاتىرجەم ۋە باياشات ياشاپ، ئىلىم-پەن تەتقىقاتى ۋە شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ جەرياندا ئۇ تەبىئىي پەنگە دائىر نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. پەلسەپىدە، ماتېرىيالىستىك كۆز قاراش نۇقتىسىدىن چىقىپ تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى چۈشەندۈردى، شۇنداقلا پۈتكۈل ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتىدە پەقەت رۇبائىي ژانىرىدا شېئىر يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن رۇبائىينى كامالەتكە يەتكۈزدى. شۇ ئارقىلىق ئۇ شېئىرىيەتتىكى رۇبائىي ژانىرىنىڭ ئاساسچىسى ۋە ئاتىسى بولۇپ قالدى.

ئۆمەر ھەييامدىن كېيىن مەيلى پارس، تاجىك ئەدەبىياتىدا بولسۇن، مەيلى تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا بولسۇن، نوقۇل ھالدا رۇبائىي بىلەن شۇغۇللانغان شائىرلارنىڭ ئۆتكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، ئۆمەر ھەييامدىن كېيىن، ئەلىشىر نەۋائىي، پەھلىۋان مەھمۇت (1326 — 1240- يىللار ئۆتكەن خارەزملىق شائىر، ئۇ كۆپ تالانتلىق بولۇپ، ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ ۋارىسى)، ئابدۇراخمان جامى،

www.uyghurkitap.com

مۇھەممەت فۇزولى، زۇھەيردىن بابۇر، مىر زەبىدىل قاتارلىقلار رۇبائىيچىلىقنىڭ پارلاق نەمۇنىلىرى سۈپىتىدە تونۇلغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۆمەر ھەييامدەك كامالەتكە يېتەلمىگەن.

ئۆمەر ھەييام رۇبائىيچىلىقتا يۈكسەك شۆھرەتكە ئېرىشىش بىلەن بىر چاغدا، ئۇ يەنە ئەرەب يېزىقىدا ئالگېبرا كىتابى يازدى. ماتېماتىكا تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئۈچىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمە نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «مۇسۇلمانلار ماتېماتىكىسى» دېگەن نامنى ئالدى. ئۇ يەنە يۇلتۇزلار تۈركۈمى جەدۋىلىنى سىزىپ چىقتى، يىلنامىنى ئىسلاھ قىلىپ، كالېندارنى (ھازىر قوللىنىلىۋاتقان كالېندار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ) سالجۇق يىلنامىسى قىلىپ بېكىتىپ چىقتى. ئۇ پەلسەپە، گېئومېترىيە، ئالگېبرا، ئاسترونومىيە قاتارلىق پەنلەردە، تەبىئەتنى، جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇداتلارنى ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى، خۇسۇسىيىتى بويىچە شەرھلەپ، ئۆزىنىڭدىن كونكرېت يەكۈن چىقاردى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بىلىمىنىڭ نەقەدەر مول ۋە ھەر تەرەپلىمە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

تارىخىي پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى: ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئاسىيا مەدەنىيىتى، بەزى ئۆلىمالار دېگەندەك «ئەرەب مەدەنىيىتى» ئەمەس، پەلسەپە — «ئەرەب پەلسەپىسى» مۇ ئەمەس، شۇنداق ئىكەن، «ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئاسىيادا ئىسلام ئىلاھىيىتى مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقتىن پەن ۋە پەلسەپىدە كۆرۈنەرلىك نامايەندە يوق!» «بۇ چاغدىكى پەلسەپە تېگى — تەكتىدىن ئېيتقاندا دىن بىلەن پەلسەپىنىڭ مۇرەسسەلەشىشىدىن ئىبارەت» دەپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا كۆز يۇمۇش خاتا. چۈنكى، X ئەسىرلەردە ئاسىيادا ئىلىم — پەن، جۈملىدىن پەلسەپىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش، گۈللىنىش يۈز بەرگەن بىر دەۋر بولۇپ، بۇ دەۋر نۇرغۇن تارىخچىلار ئىزاھلىغاندەك «ئەقىل — پاراسەت ئىنقىلابى دەۋرى» «مەدەنىي ئويغىنىش دەۋرى» دۇر. دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا ئاجايىپ ئەھمىيەتلىك بولغان بۇ دەۋردە ئىلىم — پەن، سودا — سېتىق، ھۈنەر-ۋەنچىلىك تېز تەرەققىي قىلدى، شەھەر قۇرۇلۇشى، سۇ ئىنشائاتلىرى ئېھتىياجى بىلەن ماتېماتىكا، گېئومېترىيە، فىزىكا، ئوپتىكا (فىزىكىنىڭ بىر تارمىقى)، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، خىمىيە، مېدىتسىنا قاتارلىق پەنلەردە يېڭى پىكىر، يېڭى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. كىشىلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلغان بۇ يېڭى مەسىلىلەرگە يېڭى دۇنيا قاراش نۇقتىسىدىن جاۋاپ ئىزدەشكە توغرا كەلدى. مانا شۇنداق بىر شارائىتتا ئەينى زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ماتېرىيالىستىك قاراشلار، باي مەزمۇنلۇق دىئالېكتىكىلىق ئىدىيەلەر پەيدا بولدى. بولۇپمۇ بۇ خىل كۆز قاراشلار ئوتتۇرا ئاسىيالىق مەشھۇر پەيلاسوپ فارابى (فارابى ھەرگىز جانابى سەيدىگوي پاكىتقا كۆز يۇمۇپ جۆيلىغىنىدەك ئەرەب پەيلاسوپى ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا

ئاسىيالىق پەيلاسوپتۇر)، ئىبىن سىناۋە ئۆمەر ھەييام ئەسەرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئۇ يازغان ھەر بىر رۇبائىي مەلۇم دىئالېكتىكلىق ئىدىيىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

X ئەسىردە «پاك قېرىنداشلار، سادىق دوستلار» ئىتتىپاقى دەپ ئاتالغان بىر ئىلمىي مەخپىي جەمئىيەت قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئىسلام دۇنياسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەڭ مەخپىي، ئىلغار، مەرىپەتپەرۋەر تەشكىلات ئىدى. بۇ تەشكىلات پەننى مەدەنىيلەپ، پەن بىلەن دىننىڭ ئالاھىدىلىكىنى، ئاخىرقى نەتىجىسىنى سېلىشتۇرۇپ، بىر - بىرىدىن ئاجرىتىپ، «دىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى خۇنۇكلاشتۇرغۇچى ئامىل، پەن - ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى گۈللەندۈرگۈچى ئامىل» «بۇ ئالەمدىكى ھەر قانداق مۆجىزىنى ئىنسانلار پەن ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش ئىلمىي ھەقىقەتنى تەشەببۇس قىلاتتى. بىراق، ئەسىرلەردىن بۇيانقى خىلمۇ - خىل تارىخىي سەۋەبلەرگە كۆرە ئۇلارنىڭ ئىلغار پىكىرلىك ئەسەرلىرى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇلار مۇئەييەنلەشتۈرگەن يوقىرىقى ئىلمىي ھەقىقەت بىلەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى ماتېرىيالىزملىق نوقتىئىنەزەر، شۇنداقلا ئۆمەر ھەييام ئىدىيىسىدىكى پەلسەپىۋى كۆزقاراش ئوتتۇرىسىدا تامامەن ئوخشاشلىق مەۋجۇت، دەپ ئېيتالايمىز، ئەلۋەتتە.

دېمەك شۇكى، شائىر ئۆمەر ھەييام «پاك قېرىنداشلار، سادىق دوستلار» جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتچىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنى ئۆز قانۇنىيىتىگە ئىگە، بىرلىككە ئىگە بىر پۈتۈن ئورگانىزم قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ، ئۇ بايان قىلمىشتا ئوخشىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، «ئادەم بىر كىچىك تەبىئەت، تەبىئەت بىر چوڭ ئادەم» دەيدۇ.

تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزمدا، دۇنيانىڭ ماھىيىتى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلانغان.

(1) مېنېرال جىسىملارنىڭ يوقىرى باسقۇچى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىپتىدائىي باسقۇچى بىلەن تۇتىشىپ كېتىدۇ. (2) ئۆسۈملۈكلەرنىڭ (ئاخىرقى) يوقىرى باسقۇچى ھايۋاناتلارنىڭ ئىپتىدائىي تۆۋەن باسقۇچى بىلەن تۇتىشىپ كېتىدۇ. (3) ھايۋاناتلارنىڭ ئاخىرقى (يوقىرى) باسقۇچى ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي باسقۇچى بىلەن تۇتىشىپ كېتىدۇ، دېمەك، تۇپراقتىن ئۆسۈملۈك يارالغان، ئۆسۈملۈكتىن ھايۋانات پەيدا بولغان، ھايۋانات ئادەمگە تەرەققىي قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر ئۆمەر ھەييام تەبىئەتنى «كۈندۈزى ھەرىكەتچان، سەگەك، سەزگۈچان، كېچىسى غەيرەتلىك ھەرىكەتچان، جانسىز» ھايۋانغا تەقلىد قىلىدۇ. ئۇ، «ئادەمنىڭ چېچى ئۆسۈملۈككە، يۈزى گۈللۈك دالىغا، كۆڭلى يورۇقلۇققا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆز يېشى يامغۇرغا، قايغۇسى تۈنگە ئوخشايدۇ، دېمىش ئارقىلىق ئادەمنى تەبىئەتكە سېلىشتۇرىدۇ. ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئوخشاشلىق تەرىپىنى ئىزاھلايدۇ.

شائىر ئۆمەر ھەييام نىشاپوردا ئىمامى مۇۋاپىقتىن بىلىمنى ئابدۇللەتىپ ئىمەملىك پەيلاسوپ ئۇستازىدىن تەلىم ئالغان، ئەنە شۇ مەزگىلدە ئېيىننىڭ دۇنيا قارىشىدا يۇقىرىدەك ئىدىيىلەر شەكىللىنىشكە باشلىغان، ئەمما ئېغىزدىن سىرتقا چىقىرالمىغان، ئۆمەر ھەييام، ۋەزىر نىزامۇلمۇلۇك، ھەسەن سابباھ ئۈچىسى ساۋاقداش چىقىدىلا، بىر - بىرىگە يار - يۆلەكتە بولۇشقا ئەھدە تۈزگەن، شۇنىڭغا ئاساسەن ئۆمەر ھەييامنىڭ ئالدىنقى يېرىم ھاياتى خاتىرجەملىكتە ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما ۋەزىر نىزامۇلمۇلۇك ۋاپاتىدىن كېيىن ئۆمەر ھەييام ھىمايىچىسىز قېلىپ، تۇرمۇشتا ئىنتايىن جاپا مۇشەققەتلىك كۈنلەرنى كۆچۈردى. ھەتتا ئاخىرقى ئۆمرىدە باشقىلارغا پال سېلىپ بېرىش بىلەن جان باقتى. بىراق ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ماتېرىيالىستىك دەھرىلىك كۆز قاراش ئىپادىلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ «دىنسىز» دەپ قاتتىق ئەيىبلەندى. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئۇ ئەيىبلىنىپ، كىشىلەر ئارىسىدا ئىناۋەتسىز قارالغان مەزگىللەردە، ھەرەمگە (مەككىگە) بېرىپ "تاۋاپ قىلغانمىش"، بىراق ئۇ ئەكسىيەتچىل روھانىلار، كاززاپلارنىڭ پەسكەشلىكلىرىگە، ئالدامچىلىقىغا قارشى ھېچ ئىككىلەنمەي كۈرەش قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «رىسالەئى جەۋھىرى» دېگەن كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە، روھانىلارنى قامچىلاپ مۇنداق دەيدۇ: "بىز بىلىم ئەھلىنىڭ يوقۇلۇشىنى باشتىن كەچۈردۇق. ئەمدى بىزنىڭ زامان دانىشمەنلىرىنىڭ كۆپچىلىكى راستنى يالغان بىلەن يوشۇرىدۇ، بىلىمدە ئالدامچىلىق ۋە شۆھرەتپەرەسلىكتىن نېرى ئۆتەلمەيدۇ. ئەگەر بىلىم بابىدا بىرەر نەرسە بىلسە، بۇنىمۇ پەقەت تۆۋەن مەقسەت ۋە ئۆز مەنپەئەتى بىلەن ئىشلىتىدۇ. ئەگەر بىرەر كىشى ھەقىقەتنى قاتتىق تەلەپ قىلسا، توغرىلىقنى ئەلا كۆرسە، ھىيلە ۋە يالغاننى رەت قىلىشقا ھەرىكەت قىلسا، يالغانچىلىق ۋە ھىيلىدىن قۇتۇلۇشقا بەل باغلىسا، ئۇنى ھاقارەت قىلىدۇ، مەسخىرە قىلىدۇ".

شائىر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا مانا شۇنداق يېتىمچىلىق ۋە ھاقارەتلەرگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما پەن ساھەسىدە يېڭىلىق يارىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز ئەتراپىغا بىر بولۇك ئىشەنچلىك تالىپلارنى يىغىپ، ئۇلارنى تەربىيىلەپ، بەزى ئالىملارنى يېتىشتۈردى، ئۇ 1123- يىلى يۇرتى نىشاپۇردا ۋاپات بولدى. شائىر ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا 300 پارچىدىن ئارتۇق رۇبائىي يازغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر، تىلىنىڭ گۈزەللىكى ۋە مەنىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

تۆۋەندە بىز شائىر ئۆمەر ھەييامنىڭ "رۇبائىيات" ناملىق دىۋانى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## «روبائىيات»

رۇبائىي — ئەرەب تىلىدىكى رۇبئ (رۇبع) سۆزىدىن ياسالغان بولۇپ تۆتلىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل شېئىر شەكلى پارس شېئىرىيىتىدە ئىزچىل قوللىنىلغان بىر تۈر بولۇپ، ئۆمەر ھەييامدىن ئىلگىرىمۇ پارس شائىرى رۇداكى (941 — ؟) نۇرغۇن رۇبائىيلار يازغان ئىدى. بىراق ئەدەبىيات تارىخىدا رۇبائىي يازغان ھەر قانداق بىر شائىر ئۆمەر ھەييامچىلىك يۈكسەك كامالەتكە يېتەلمىگەن. رۇبائىيچىلىقتا ئۆمەر ھەييام ئىنتايىن يۇقىرى ماھارەت كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ رۇبائىيلىرى ئەنگلىيە شائىرى ئېدۋارد فىتسجېرالدنىڭ ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىشى بىلەن ياۋروپادا شۆھرەت قازانغان، كېيىنچە بۇ رۇبائىيلار دۇنيادىكى باشقا ئاساسلىق تىللارغا؛ مەسىلەن — رۇس تىلى، فىرانسۇز تىلى، خەنزۇ تىلى، ئەرەب تىلى، ياپون تىلى-رىغا ۋە باشقا نۇرغۇن تىللارغا ئارقا — ئارقىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيا جا-مائەتچىلىكىنىڭ زور ئىشتىياقىنى قوزغىغان. شۇنداق قىلىپ بۇ رۇبائىيلار خەلق ئى-چىگە چوڭقۇر سىڭىپ كىرگەن.

مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەر قانداقىدا ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلمەي قالمايدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى سالجۇقلار دۆلىتى خەلقى ئەرەب ئىستىلاچى-لىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى، دەپسەندە قىلىشى، مەملىكەت ئىچىدە بولسا ھۆكۈمرانلار-نىڭ سىياسىي زۇلمىغا، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرىغان-لىقتىن، ئۇنى ئاز دەپ دىنىي ماجرالارنىڭ ۋەيرانچىلىقى تۈپەيلىدىن خەلق ئىنتا-يىن ئازاب — ئوقۇبەت ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. جەمئىيەت خاتىرجەمسىز، قالايمىقان ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئىدى. مۇنداق رىئال تۇرمۇش كىشىدە ھاياتقا نىسبەتەن ئۈمىدسىزلىنىش كەيپىياتلىرىنى پەيدا قىلىشى تەبىئىي ئىدى. شۇڭا ئۆمەر ھەييام روبائىيلىرىنىڭ بىرقىسمىدا بۇ خىل ئۈمىدسىزلىنىش كەيپىياتى ئەكس ئەتتۈ-رۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما، ۋىجدانلىق كىشىلەر ھامان دۆلەت، خەلق ئۈچۈن چىقىش يولى ئىزلەپ تېپىشقا تىرىشاتتى. شۇنداق بولغاچقا، رۇبائىيات ئىچىدىكى بەزى رۇبائىي-لاردا شائىرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۈستىدىكى ھەققىي ئىزلىنىشى ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

بىز كېلىپ كەتكۈچى شار كەبى جاھان،
نە بېشى مەلۇم ۋە ئاخىرى ئايان.
ھېچ كىشى راستىنى ئېيتىپ بېرەلمەس،
بىز نەدىن كەلدۇق ۋە بارار مىز قايان؟

شائىر ئادالەتسىز، غەم — قايغۇغا تولغان رىئال دۇنيا ئۈستىدىن شىكايەت

قىلىدۇ، شۇنداقلا رېئال جەمئىيەتنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ بىرەر كىشىنىڭ ئوتتۇرىدا چىقىپ، كىشىلەرگە ھەقىقەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشىنى، كىشىلەرنى ئازات-خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرۈپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

يوقلۇقتىن پاك كېلىپ، ناپاك بولدۇق بىز،
شوخ ۋە خوشال كېلىپ، غەمناك بولدۇق بىز.
كۆزىمىز تولغان ياش، يۈرەكتە يالقۇن،
ئۆمۈر بىكار كەتتى ھەم خاك بولدۇق بىز.

زادى كىم ھايات سىرلىرىغا جاۋاپ تېپىپ بېرەلەيدۇ؟ شائىر ئۆزىنىڭ بىر قىسىم رۇبائىيلىرىدا دىنىي رىۋايەتلەرگە زەربە بېرىدۇ. بىر خىل رۇبائىيلىرىنىڭ ھەجۋىيلىكى ئىنتايىن كۈچلۈكتۇر. مەسىلەن:

مەن كەلدىم، بۇ دۇنيا كۆردى نە پەيدا؟
كەتسەم مەرتىۋىسى ئاشارمۇ؟ قايدا؟
ھېچكىم چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىدى-ۋۇ،
كېلىشىم، كېتىشىم سەۋەبىي قايدا؟

«ئىنجىل» نىڭ «كونا ئەھدە، دۇنيانىڭ يارىلىشى توغرىسىدا قىسسە» دە ئېيتىلىشىچە، ئاللا لايدىن ئادەم ياساپ، تۇنجى ئادەم — ئادەم ئاتىنى ياراتقاندۇ. ئاندىن ئادەم ئاتىنىڭ قوۋۇرغىسىدىن ھاۋا ئانىنى ياراتقاندۇ ۋە ئۇلار جەننەتتىكى باغى ئىرەمدە ياشايدۇ. باغدا بىر «ئەقىل — بىلىم دەرىخى» بولۇپ، ئاللا ئۇلارنىڭ بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى ئۈزۈشىنى توسىدۇ. لېكىن بىر يىلان ھاۋا ئانىنى ئازدۇرۇپ مېۋىنى ئۈزۈشكە ئۈندەيدۇ. ئۇ ئادەم ئاتىنى بۇ «مۇقەددەس مېۋىنى» ئۈزۈشكە ئۈندەيدۇ. مېۋىنى يېگەندىن كېيىن ھاۋا ئانىدا بىرخىل ھايا — نومۇس تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرھال دەرەخ يوپۇرمىقىنى ئېلىپ، يالىڭاچ بەدىنىنى ياپىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان» غىمۇ بۇ ھېكايە كىرگۈزۈلگەن، تولۇقلانغان ۋە ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە: خۇدا ئادەمنى ياراتقاندا، بىر قانچە پەرىشتىنى ھەر قايسى جايلارغا ئەۋەتىپ ئادەم ياساشقا ھەرخىل تۇپراقلارنى ئەكەلدۈرگەن، شۇڭا ئىنسانلار سېرىق، قارا، ئاق ... ئىرقلار بولۇپ يارالغان ئىدى. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ چەكلەنگەن مۇقەددەس مېۋىنى يېيىشى، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپ تەڭرى (خودا) نىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ ئۆتكۈزگەن جىنايىتى بولۇپ بۇ «تۇنجى جىنايەت» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا جىنايەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئاللا تەرىپىدىن

جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ. ئۇلار ئىنسانىيەت دۇنياسىغا كېلىدۇ. قەدىمكى يە-ھۇدىلارنىڭ قەبىلىۋى جەمئىيىتى دەۋرىدىكى بۇخىل دىنىي رىۋايەتكە خىرىستىيان دىنى مۇرتلىرى بىلەن ئىسلام دىنى مۇرتلىرى ئېتىقاد باغلىغان. «ئىنجىل» بىلەن «قۇرئان» دا ئوخشاشلا تەڭرى - دۇنيانى، ئىنسانلارنى ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىنى ياراتقان دەپ ئېيتىلىدۇ. ئۇنداق بولسا، ھاۋا ئانىنى ئازدۇرۇپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە باشلىغان ھېلىقى يىلاننىمۇ تەڭرى ياراتقان ئەمەس-مۇ؟ بالايى - ئاپەت، زىيانداش يىلانلارنىڭ ھەممىسىنى خۇدا ياراتقان، ئىنسانلار گۇنا قىلسا خۇدادىن كەچۈرۈم سورايدۇ. ئۇنداق بولسا خۇدا خاتالىق ئۆتكۈزسە ئىنسانلا-ردىن كەچۈرۈم سورىشى لازىم. دېيىش دىنىي نۇقتىدىن قارىغاندا دىنىي، خۇدانى ھاقارەتلەشتۇر.

يا رەببىم لېيىمنى قۇرغان ئۆزەڭسەن،
ئاسىمىنى بەرپا قىلغان ئۆزەڭسەن،
مەن يامانمۇ يا ياخشىمۇ نە ئىلاجىم بار،
تەقدىر پېشانەمگە يازغان ئۆزەڭسەن.

شائىر كەلگۈسى دۇنيادا ئېزىش - ئېزىلىش تۈزۈمىنىڭ بولماسلىقى، پۇخرالارنى بوزەك قىلىدىغان شەيخلەرنىڭ ھەم بولماسلىقىنى ئارزۇ قىلىدۇ. مەسىلەن:

پەلەككە تەگىدەك بولسام ھۆكۈمران،
پەلەكنى تامامەن قىلاتتىم گۇمران،
ياسايتتىم يېڭىدىن شۇنداق بىر دۇنيا،
يېتەتتى ياخشىلار مەخسەتكە شۇئان.

شائىر تۇرمۇشنىڭ سىرلىرىنى ئىزدەپ تاپماقچى، ئۆبېيكتىپ دۇنيانى بىلمەكچى بولغان بولسىمۇ دەۋر چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن ئۆز مەخسىتىگە يېتەلمىگەن، شۇڭا باشقىلارنى مەسخىرە قىلىپلا قالماستىن ئۆزىنىمۇ مەسخىرە قىلغان، ئۇ ئادەم ئۆمرىنىڭ ئىنتايىن قىسقىلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىدا بولغان. مەسىلەن:

بىر ئىككى كۈنلۈك ئۆمۈر ئۆتىدۇ دەرھال،
ئۇ خۇددى دەريا سۈيى، يا چۆلدىكى شامال.
ئۆتكەن ۋە كەلمىگەن ھەر ئىككى كۈننىڭ،
غېمىنى ئەسلىتىپ كۆپ قىلما مالال.

ئادەم ئۆمرى ھەقىقەتەن تولىمۇ قىسقا. ھايات - ئادەم تۇرغان ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىلىشكە تېگىشلىك بولغان تۇرغۇن سىرلار چۈشىنىلمەي، يېشىلمەي قېلىۋېرىدۇ. بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى بېسىش ئۈچۈن «مەي ئىچىپ»، ناخشا توۋلاپ، شاراپنىڭ كۈچى بىلەن

www.uyghurkitap.com

غەمدىن قۇتۇلغان دېرۋىش دەپ قارايدۇ، مەسىلەن:

دىلىڭدا بولمىسۇن قايغۇدىن نىشان،
شاتلىق كىتابىنى ئوقۇغىن ھامان،
ئەي دوستۇم مەي ئىچكىن كۈلسۇن ئارمانىڭ،
مەلۇمكى، ئۆتكۈلۈك ئاخىر بۇ زامان.

## «رۇبائىيات» نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

«رۇبائىيات» ئىچىدىكى زور كۆپ ساندىكى رۇبائىيلار پەلسەپىۋى كۆز قاراشلارغا تولۇپ - تاشقان. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، شائىر پەلسەپىۋى قائىدىلەرنى بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق شەرھىلىگەن. بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرىگە بولغان تەپەككۇرىنى قوزغىغان.

(1) ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ تىلى ئىنتايىن ئىخچام ۋە گۈزەل بولۇپ، شېئىرى تۈسكە باي، مەسىلەن:

بىز كېلىپ كەتكۈچى شاركەبى جاھان،
نە بېشى مەلۇم ۋە ئاخىرى ئايان.
ھېچ كىشى راستىنى ئېيتىپ بېرەلمەس،
بىز نەدىن كەلدۇق ۋە بارارمىز قايان؟

بۇ رۇبائىيدا، پۈتكۈل دۇنيانىڭ شارغا ئوخشاش يۇمىلاق ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ دائىم ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقى، نەدىن باشلىنىپ، نەدە توختايدىغانلىقى، ئادەملەرنىڭ قانداق كېلىپ، نەگە (تۇپراققا كۆمۈلىدىغانلىقىدىن سىرت) بېرىپ، نېمە بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر قاتار مەزمۇن، پەلسەپىۋى پىكىر ئىخچام تىل ئارقىلىق پۈتكۈل ھايات مەنزىرىسىگە ئايلاندۇرۇلغان. شۇڭا بۇ رۇبائىينى ئوقۇغان كىشى ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۇنيانى، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى، ئۆلۈمىنى ئەسلىمەي، كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەي تۇرالمايدۇ.

(2) «رۇبائىيات» دا ھەجۋىي قىلىش ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن قوللىنىلغان. مەسىلەن:

يارەببىم لېۋىنى قىزغان ئۆزەڭسەن،
ئاسمىنى بەرپا قىلغان ئۆزەڭسەن.
مەن يامانمۇ يا ياخشىمۇ نە ئىلاجىم بار،
تەقدىر پىشانەمگە يازغان ئۆزەڭسەن.

بۇ يەردە خۇدا ھەممىگە قادىر، ئۇ ئادەمنى دۇنياغا ياراتقان، بىر ئادەمنىڭ ياخشى - يا-
مان بولۇشى خۇدانىڭ تەقدىرىگە باغلىق دېگەن مەنىدا ئىپادىلەنگەندەك قىلىدۇ، ئەمما
چوڭقۇرلاپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا خۇدا - ئادەمنى يارىتىدۇ،
ئەمما بەزىسىنى كۈلدۈرىدۇ، بەزىسىنى يىغلىتىدۇ، ئادەملەر ھاراق ئىچىدۇ،
ئوغرىلىق قىلىدۇ، بىر-بىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، بۇنىمۇ خۇدا بۇيرىدىمۇ-دە، باغاسالىقىنى ئۈچۈن جىنا-
يەتچىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزمەسلىكىگە ئامالى يوق. ...دېگەن مەنا يوشۇرۇنغان

(3) «رۇبائىيات» دا كۆپ قوللىنىلغان يەنە بىر خىل ئۇسۇل - ئوخشۇتۇشتۇر.
بەزى رۇبائىيلاردا ئاشكارە ئوخشۇتۇش قوللىنىلغان بولسا، بەزىلىرىدە يوشۇرۇن ئوخ-
شۇتۇش قوللىنىلغان، بەزىلىرىدە ھەر ئىككى خىل ئوخشۇتۇش بىرلىكتە قوللىنىل-
غان. مەسىلەن:

ئاچماققا يول يوقتۇر سىرلار پەردىسىدىن،
ھېچ خەۋەر تاپمىدى ھېچكىم بۇ ئىشتىن،
بىزگە يەر تۇپراقتىن باشقا مەنزىلگاھ،
ۋادەرىخا، بۇ چۆچەك ئۇزۇن ھەممىدىن.

بۇ رۇبائىيدا «ئىنجىل» بىلەن «قۇرئان» دىكى بىز تۇپراقتىن يارالدۇق
كەلگۈسىدە تۇپا بولىمىز دېگەن تەمسىل ئېلىنغان. بەزى رۇبائىيلاردا ھايات چۈشكە
ئوخشۇتۇلسا، بەزىلىرىدە چۆلدىكى شامالغا، دەريادىكى ئېقىن سۇ، .......... غا
ئوخشۇتۇلغان .

1987 - يىل. خوتەن

## ئەقىل ئۈنچىلىرى

ھېچ ۋاقىتتا ھۇرۇن بىلەن يولداش بولما! ئادەم ھەر قانچە ياخشى
بولسىمۇ يولداشلىرىنىڭ بۇزۇقلىقى بىلەن يامان بولۇپ كېتىدۇ. ئەخمەق
كىشىنىڭ ئەخمەقلىقى ئەقىللىق، پەم- پاراسەتلىك كىشىلەرگە تىز يۇ-
قىدىكى، ئوتلۇق كۆمۈرنى سۇغا سېلىش بىلەنلا ئۆچۈپ قالىدۇ

— ئەبۇ بەكرى خارەزمى

# ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى ئۈچ مەشھۇر ئەسەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەسىرى

كېرىمجان ئابدۇرېھىم

ئوتتۇرا ئەسىر – شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى. شەرقتىكى ھەر قايسى ئەل، ھەر مىللەت خەلقى بۇ دەۋردە باي، رەڭگا – رەڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى يارىتىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە چوڭ تۆھپە قوشتى. ئوتتۇرا ئەسىر شەرق مەدەنىيىتى ئالەمشۇمۇل نەتىجىلىرى بىلەن دۇنيادا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. پەلسەپە، ئاسترونومىيە، مېدىتسىنا، ماتېماتىكا، مەنتىقە، ئەدەبىيات قاتارلىق ئىلىملەر تازا گۈللىنىپ، مەدەنىيەتتە ئۇيغىنىش ھەرىكىتى مەيدانغا كەلدى. ياۋروپا ئويغىنىش دەۋرىدىن خېلى بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن بۇ ھەرىكەت، كېيىن ياۋروپا ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتتى.

شەرق مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان شەرق ئەدەبىياتى ئوتتۇرا ئەسىردە يۈكسەك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئەدەبىياتى قەدىمكى زامان شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان، يۈكسەك ئىجاتچانلىقىنى جارى قىلدۇرغان، باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن پايدىلىق ئامىللارنى قوبۇل قىلغان ئاساستا مەيدانغا كېلىپ، تېما جەھەتتە موللاشتى، شەكىل جەھەتتە كۆپ خىللاشتى، بەدىئىيلىك جەھەتتە رەڭدارلاشتى. ئومۇمەن، بۇ دەۋردە شەرق ئەدەبىياتىدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل گۈللەپ ياشناش ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

نۇرغۇن ئالىملارنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى ئورتاق گۈللىنىپ بىر خىل قايىنام — تاشقىنلىق ۋەزىيەت مەيدانغا كەلدى. قەدىمكى زاماندىكى ئەدەبىياتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى بۇ دەۋردە يەنە جانلىنىپ، ئەدەبىياتتىكى ئىزچىللىقنى ۋە شەرق ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم ئورنىنى نامايەن قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ياپون، چاۋشەن، پارس، ئەرەب، ئۇيغۇر... قاتارلىق مىللەتلەر ئارقا – ئارقىدىن تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ تارىختا مۇھىم رولىنى ئوينىدى. بۇ مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىمۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىي



AltunOq

كۆچىنى نامايەن قىلىپ، ئاجايىپ گۈزەل ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى ۋە شۇ دەۋردىكى دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك چوققىسى بولۇپ قالدى.

ئەرەب ئەدەبىياتى ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئەدەبىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى ئۈچ مەشھۇر ئەسەر — «قۇرئان»، «كەلىلە ۋە دىمنە»، «مىڭ بىر كېچە»- ئەرەب ئەدەبىياتى شۇنداقلا شەرق ئەدەبىياتىدىكى تەڭداشسىز ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ مەشھۇر نامايەندىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەرەبلەر قەدىمكى مىللەت. ئۇلار ئاساسەن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن جايلاشقان. كېيىنچە ھەر خىل تارىخىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بىلەن باشقا جايلارغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. ئەرەبلەر تاكى مىلادى VII ئەسىرگىچە ئۇرۇقداشلىق قەبىلە ھالىتىدە ئىدى. بۇ دەۋر تارىختا «جاھالەت دەۋرى» دەپ ئاتالدى. VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن ئىسلام دىنى ئەرەبلەر تارىخىدىكى چوڭ بىر ۋەقە بولدى. ئىسلام دىنى ئەرەبلەرگە بىر خىل ھاياتى كۈچ ئېلىپ كەلدى. «ياۋايى ئەرەبلەر ئىسلام دىنى ئارقىلىقلا ناھايىتى تېز مەدەنىيەت رايونىغا كىردى»① شۇندىن كېيىن ئەرەبلەر تەرەققىي قىلدى، تارىخ سەھنىسىگە چىقتى، نامى دۇنياغا تارقالدى. VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى تارقىتىشنى باشلىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىغىچە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ مۇسۇلمان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەب يېرىم ئارىلى سىياسىي، ھەربىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلدى. خەلىپىلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە مىلادى 645 — يىلىغىچە سۈرىيە، پەلەستىن، ئىران، مىسىر قاتارلىق جايلارنى ئەرەبلەر بويسۇندۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى تارقىتىپ، يەرلىك خەلقلەرنى مۇسۇلمان قىلدى. شەرقتە ھىندى دەرياسى، غەربتە ئاتلانتىك ئوكيانىنى چېگرا قىلىپ ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىغا تۇتاشقان چوڭ ئىمپېرىيەنى قۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئابباسىلار سۇلالىسى قۇرۇلدى. ئابباسىلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا مەزگىلىدە ئەرەبلەر تازا رۇناق تاپتى. ئىقتىساد، مەدەنىيەت ناھايىتى چوڭ تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. كېيىن ئىچكى زىددىيەت، خەلق قوزغىلاڭلىرى سەۋەبىدىن بىر پۈتۈن ئابباسىلار سۇلالىسى پارچىلىنىپ، بىر خىل بۆلۈنمە ھالەت شەكىللەندى. 1055 - يىلى سالجۇق تۈركلىرى باغدادنى ئىگىلەپ ئەرەبلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى. 1258 — يىلى چىڭگىزخان قوشۇنلىرى باغدادقا ھۇجۇم قىلىپ، بۇ رايوننى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەبلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى، ئەرەب ئىمپېرىيەسىمۇ نۇزۇل — كېسەل ھالاك بولدى.

ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب ئەدەبىياتى مانا مۇشۇنداق تارىخىي شارائىت ئاستىدا ئۆزلىرى بويسۇندۇرغان ئەللەرنىڭ شۇنداقلا ئەدەبىياتىكى مۇۋەپپەقىيەتنى نىسبەتەن زور

www.uyghurkitap.com

بولغان باشقا ئەللەرنىڭ ئەدەبىيات جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىش ھەمدە ئۆزىدە ئەسلىدە بار بولغان بىر قىسىم ئەسەرلەرگە چوڭ ئىشقوشۇش، ئەسلىدە بار شەكىللەرنى جانلاندۇرۇش ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ گۈللەپ ياشىنىدى.

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ئەرەب ئەدەبىياتى بىر ئىزدىلا توختاپ قالغان، تەرەققىي قىلمىغان. بار ئەسەرلەر ئاساسەن خەلق ئەدەبىياتى بولۇپ، شائىرلار تەرىپىدىن يېزىلغان شېئىرلارنىڭ سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىنلا ئەرەب ئەدەبىياتى ئاندىن بىر ھاياتىي كۈچكە ئىرىشىپ تەرەققىي قىلدى، گۈللەپ ياشنىدى. ئىسلام دىنىدىكى بىردىنبىر ئۇلۇغ كىتاب «قۇرئان» — ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئەڭ دەسلەپكى تەڭداشسىز كىتاب بولۇپ، ئەرەب ئەدەبىياتىغا يېڭىباشتىن ئاساس سالدى ۋە كېيىنكى ئەرەب ئەدەبىياتىغا بولۇپمۇ ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى نەسىرىي ئەسەرلەرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

«قۇرئان» ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى. رىۋايەت قىلىنىشىچە ئۇنىڭدا يېزىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ سۆزى بولۇپ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ئارقا-ئارقىدىن پارچە - پارچە يەتكۈزۈلۈپ تۇرۇلغان. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئەتراپىدىكى ساھابىلىرىگە ۋاقتى — ۋاقتىدا ئېيتىپ بېرىپ تۇرغان. بۇ ئايەتلەرنى بەزىلىرى يادلىۋېلىشقان، بەزىلىرى خاتىرىلەپ يېزىۋېلىشقان. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولۇشى، ئۇرۇش ۋە قىرىلىش سەۋەبىدىن ساھابىلەرنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى، خاتىرىلىۋېلىنغان تېرە، تاش، سۆڭەك، ياغاچلارنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى سەۋەبلىك «قۇرئان» ئايەتلىرى يوقىلىپ كېتىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايەتلەرنىڭ باشقىچە ۋارىيانتلىرى شەكىللىنىپ تارقىلىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەرنىڭ تەشەببۇسى، ئوسماننىڭ ئەمەلىي ئىشلىشى بىلەن «قۇرئان» ئايەتلىرى توپلىنىپ ئەرەب تىلى بىلەن يېزىلىپ، رەسمىي كىتاب بولۇپ مەيدانغا كەلگەن ۋە كۆچۈرۈپ تارقىتىلغان.

«قۇرئان» مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇن ئەرەبلەردە ئورتاق ئەدەبىي تىل مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرىنىڭ ئايرىم - ئايرىم دىئالېكتلىرى بار ئىدى، بۇ دىئالېكتلار ئىنتايىن پەرقلىق ئىدى. ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ شائىرلىرى ئۆز قەبىلىسىنىڭ تىلىدا شېئىر يازاتتى. ئومۇمەن «قۇرئان» مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرى ئەرەبلەرنىڭ تىلى ۋە ئەدەبىياتى بىرلىككىمۇ كەلمىگەن، تەرەققىيمۇ قىلمىغان ئىدى. «قۇرئان» ئەرەب ئەدەبىياتى تەرەققىياتىدا ستراتېگىيىلىك رول ئوينىدى، ئەرەب تىلىنى بىرلىككە كەلتۈردى»② ئەرەب تىلىدا ئورتاق ئەدەبىي تىلنى شەكىللەندۈردى. «ئەرەب يېرىم ئارىلى ئەھلى بىر قاتناش جايى ئىدى، ئەرەبلەر ئۆز

ئەسلى نامى يوق بىر مىللەت ئىدى، ئەرەب تىل ـ ئەدەبىياتىنىڭمۇ ئورنى يوق ئىدى. «قۇرئان» دىن ئىلگىرى ئەرەبلەردە كىتابمۇ يوق ئىدى؛ گەرچە بىر مۇنچە شېئىرلار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن چاكىنا، ئىنتايىن يۈزە ئىدى، شاراپخورلۇق، جەڭگى ـ جېدەل تەسۋىرلەنگەن بۇ شېئىرلارنى قاتتىتىراق قىلىپ ئېيتقاندا ئەدەبىيات دېگىلىمۇ بولمايتتى. «قۇرئان» پەيدا بولغاندىن كېيىنلا ئەرەبلەردە ئاندىن ئەدەبىيات پەيدا بولدى، ئەرەب تىل ـ ئەدەبىياتى ئاندىن بىركۈچلۈك تىل ـ ئەدەبىياتقا ئايلاندى». ③ مۇھەممەت ئۆز خەلقىگە بىر خىل ئەدەبىيات يارىتىپ بەردى، ئۇ يەنە ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ ھەل قىلغۇچ خىزمەت قىلدى»④.

«قۇرئان» نىڭ ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى بايان قىلىنغان دىنىي كىتاب ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «قۇرئان» دا يەنە پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى قىسسىلەر، بىر قىسىم خەلق چۆچەكلىرى، مەسەللىرى ۋە ئەرەبلەرنىڭ قوشاقلىرىمۇ بار بولۇپ، بۇلار «قۇرئان» دىكى دىنىي ئەقىدىلەرنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپلا قالماستىن، ئۇنى يەنە بەلگىلىك ئەدەبىي قىممەتكىمۇ ئىگە قىلغان.

ئىسلام دىنىنىڭ كەڭ تارقىلىشى ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، «قۇرئان» ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپادىن ئىبارەت بۇ ئۈچ چوڭ قىتئەگە كەڭ تارقىلىپ، ئورغۇنلىغان مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىغا ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. بولۇپمۇ شەرقتىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ تىل ـ ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئەلۋەتتە.

X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بۇ دىننىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان «قۇرئان» بىلەنمۇ تونۇشتى. ئەرەبلەر بىلەن بولغان قويۇق سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئالاقىلەرنىڭ كۈچىيىشى، «قۇرئان» نى ئۆگىنىش، ئىسلام ئەقىدىلىرىنى شەرھلەش، خەلقئارالىق ئىلمىي پائالىيەتلەر تەقەززاسى بىلەن ئەرەب تىلىغا ھاجىتى چۈشىدىكەن ئۇيغۇرلار ئەرەب تىلىنى ئۆگەندى. بۇيەردە يەنە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇش ھاجەتكى «...سىياسىي ئېھتىياج، ئىقتىسادىي شارائىت ۋە مەدەنىي مۇھىت ئەرەب ھۆكۈمران دائىرىلىرى، سىياسەت، مەدەنىيەت ئەربابلىرىدىنمۇ، ھەتتا ئائىلىنىڭ بەزى قاتلىمىنىمۇ تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشكە ھاجەتمەن قىلدى».⑤ ئۇمۇمەن بۇۋاقىتتا «تۈركىي تىل ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭچىپىپ كېتىۋاتاتتى».⑥ ئۇيغۇرلار ئەرەب تىلى ئارقىلىق ئەرەبلەرنىڭ ۋە باشقا ئەللەرنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرى بىلەن پىششىق تونۇشتى، بىرمۇنچە يازغۇچى، ئالىملىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىدا يازدى. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى

www.uyghurkitap.com

قوبۇل قىلىپ تەخمىنەن بىر ئەسىردىن كېيىن ئەرەب يېزىقىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە خەلقى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن بىر قاتاردا قوللاندى.

«قۇرئان» ئەرەب تىلىنىڭ ئەڭ ئەسىل نەمۇنىسى بولۇش سۈپىتىدە ئۇيغۇر تىلىغىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇر يازغۇچى، ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە «قۇرئان» دىكى ئىسلام ئەقىدىلىرى، ئىسلام پەلسەپىسى، ئىسلام قانۇنى، ئەخلاقى بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. بولۇپمۇ «قۇرئان» دا تولۇقلانغان گۈزەل، تەسىرلىك ھەر خىل ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىپادىلەش ۋاستىلىرىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭدا ئەسىردىن رابغۇزى يازغان «قىسەسۇل ئەنبىيا» نى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. «قىسەسۇل ئەنبىيا» پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى قىسسەلەرنى ئاساسىي تېما، باشتا ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى، چۆچەك - مەسەللەرنى قوشۇپچە قىلىپ يېزىلغان ئەسەر. پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى قىسسەلەرلا ئەمەس، باشقا ئەپسانە - رىۋايەتلەر، چۆچەك - مەسەللەرمۇ دىنىي تۈسكە ئىگە قىلىنغان. «تەۋرات»، «ئىنجىل»، «زەبۇر» قاتارلىق كىتابلاردىكى بىر قىسىم قىسسەلەردىن پايدىلىنىلغان، پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «قۇرئان» دىن كەلگەن. بىراق بۇ ھەرگىز تولۇق دىنىي كىتاب، پەيغەمبەرلەرنىڭ تارىخى ئەمەس، بەلكى دىنىي تۈسكە ئىگە ئەسىل ئەدەبىي ئەسەر. رابغۇزى «قىسەسۇل ئەنبىيا» دېگەن رومان بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پىروزا ژانىرىنىڭ ئەڭ ئۈستۈن مۇۋەپپەقىيىتىنى تۇنجى قېتىم نامايەن قىلدى.

«قىسەسۇل ئەنبىيا» رومانىدا ئەڭ ئۈستۈن ماھارەت بىلەن يېزىلغىنى، مۇۋەپپەقىيەتلىك، تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغىنى - «يۈسۈپ — زۇلەيخا» قىسسىسىدۇر. بۇ قىسسىنىڭ ئەسلى مەنبەسى «تەۋرات» تىن كەلگەن. «قۇرئان» دىكى 12 - سۈرە «يۈسۈپ» تە يۈسۈپ بىلەن زۇلەيخا قىسسىسىگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلىپ، بۇ ھەقتە مەخسۇس ھېكايە قىلىنغان. ئەسىردىن رابغۇزى «قۇرئان» دىكى ئەشۇ يۈسۈپ بىلەن زۇلەيخا قىسسىسىنى ئاساس قىلىپ، ئۇنى زور دەرىجىدە تولۇقلاپ، كېڭەيتىپ، پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتىنى نامايەن قىلىپ، بۇ قىسسىنى شەرق ئەللىرى ئارىسىدىكى ئەڭ مەشھۇر قىسسىگە ئايلاندۇردى. «يۈسۈپ - زۇلەيخا» قىسسىسى شۇنىڭ بىلەن خەلق ئارىسىغا تېخىمۇ كەڭرى تارقىلىپ، خەلقىمىز ئەڭ ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان ئىشقى - مۇھەببەت داستانىغا ئايلىنىپ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ كەلدى. ھازىرمۇ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى بايلىقى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھاياتى كۈچىنى نامايەن قىلماقتا.

«قۇرئان» دىكى پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى قىسسىلەر ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدە-

بىياتىغىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر قىلىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنى بېيىتتى. بولۇپمۇ مەدداھلىق ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، «قۇرئان» دىكى پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى قىسسەلەرنى ھازىرقى كۈندە يەنىلا مەدداھلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاش مۇمكىن.

ئومۇمەن، ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخىدىكى تۇنجى مەشھۇر ئەسەر دەپ قارالغان «قۇرئان» ھەر قايسى تەرەپلەردىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن.

ئابباسىلار سۇلالىسى دەۋرى ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا مەيدانغا كەلگەن نەسرىي ئەسەرلەر ئىچىدە ئەڭ داڭلىقى تەرجىمە ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن «كەلىلە ۋە دەمنە» ناملىق ئەسەردۇر.

ئوتتۇرا ئەسىردە شەرقتىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئەدەبىيات ئالماشتۇرۇشى تازا تەرەققىي قىلدى. ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىپ يېشىنىشى، قاتناشنىڭ راۋاجلىنىشى سودىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ دوستانە بېرىش-كېلىشلەر، ئىقتىساد مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشلار زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. بىرازىپمۇ ئەرەبلەر ئۆزلىرى بويسۇندۇرغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ تەسىرى يەتكەن جايلاردىكى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەب مەدەنىيىتى ئىسلام ئەللىرىنىڭ ۋە باشقا بىرمۇنچە ئەللەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرخىل ئارىلاشما مەدەنىيەت بولۇپ شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئەرەب ئەدەبىياتىمۇ باشقا ئۇرغۇن مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بىرخىل ئارىلاشما ئەدەبىيات بولۇپ قالدى. ئەرەبلەر تەرجىمە ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىغان. ئابباسىلار سۇلالىسى دەۋرىدە باغدات قاتارلىق جايلاردا قەدىمكى زاماندىكى ۋە شۇ دەۋردىكى مەشھۇر ئەسەرلەر ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر ئىچىدە قەدىمكى يۇنان ۋە رىمنىڭ ئەدەبىيات — سەنئەت، پەلسەپە، تارىخ، تىبابەت، قانۇن قاتارلىق پەنلەرگە ئائىت ئەسەرلىرى بولغاندىن سىرت يەنە شەرق ئەللىرىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ھەر قايسى پەنلەرگە ئائىت ئەسەرلىرىمۇ بار ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى بېيىتقان، ئەرەب ئەدەبىياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن، ھەر قايسى ئەللەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىشىنى تېزلەتكەن بۇنداق تەرجىمە ئەسەرلەر ئىچىدە «كەلىلە ۋە دەمنە» ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

«كەلىلە ۋە دەمنە» نىڭ ئەسلى مەنبەسى ھىندى كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەر «بەشنامە» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىران پادىشاھلىرىدىن خىسراۋ ئەنۇشىرۋاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە تېۋىپ بورزۇيە بۇ كىتابنى ھىندىستاندىن ئېلىپ كېلا-



AltunOq

دى VI ئەسىردە قەدىمكى پارس تىلى — پەھلىۋى تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. مىلادى 570 — يىلى ئەتراپىدا بۇ كىتاب پەھلىۋى تىلىدىكى نۇسخىسىدىن «كالىلاگ ۋە دىمناك» دېگەن نام بىلەن سۈرىيە تىلىغا بۇد (Bud) دېگەن بىر خىرىستىئان تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان. مىلادى 750 – يىللىرى ئەتراپىدا ئەبۇلھەسەن ئىبنى مۇقەففا دېگەن كىشى پەھلىۋى تىلىدىن بۇ كىتابنى «كەلىلە ۋە دەمنە» دېگەن نام بىلەن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلغان. «بەشنامە» نىڭ پارسچە (پەھلىۋىچە)، سۈرىيەچە تەرجىمە نۇسخىلىرى يوقىلىپ ياكى بۇزۇلۇپ كېتىپ، ھازىرغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. بىراق بۇ ئەرەبچە نۇسخىسى ناھايىتى مۇكەممەل تولۇق ساقلىنىپ قالغان. ئىبنى مۇقەففانىڭ ئەسىرى تولۇق تەرجىمە ئەمەس، بەلكى ئىجادىي تەرجىمە ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. ئۇ بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىشتا ئەسلى ئەسەرگە كۆپ ئىجادىي ئىش قوشۇپ، ئۇرغۇن يېڭى مەزمۇنلارنى كىرگۈزگەن، كىتابنى قويۇق شەرق ئۇسلۇبىغا بولۇپمۇ ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكلىگە ماسلاشتۇرۇپ ئىشلەپ، ئەسلى ئەسەرنى يېڭىچە بىر ئەسەر قىلىپ چىققان، شۇنىڭ بىلەن «كەلىلە ۋە دەمنە» تەرجىمە ئەسەرگىمۇ ئوخشىماي قالغان.

«كەلىلە ۋە دەمنە»نىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ئىنتايىن ئۈستۈن بولۇپ، ئۇ ئەرەب نەسرىي ئەسەرلىرىنىڭ يەنە بىر نەمۇنىسىگە شۇنداقلا ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ئەسەرگە ئايلانغان. بىراق، بۇ ئەسەرنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى پەقەت بۇ بىر نۇقتا بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. «كەلىلە ۋە دەمنە» دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدا باشقا ئەللەر، باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ئەسەر ئارقىلىق قەدىمكى ھىندىلارنىڭ «بەشنامە» دېگەن مەشھۇر ئەسىرى پۈتۈن دۇنياغا تېخىمۇ كەڭرى تارقالغان. «كەلىلە ۋە دەمنە» XI ئەسىردە گرېك تىلىغا، گرېك تىلىدىن ئىتالىيە، لاتىن، نېمىس، ئىنگلىز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. 1263 – 1278 – يىللىرى پەلەستىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

«كەلىلە ۋە دەمنە» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ كىتاب ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئەرەبچە ۋە ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلىنغان پارسچە نۇسخىلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى بىر قىسىم چۆچەك، مەسەللەر خەلقىمىز ئارىسىدا ئۆزلىشىپ كەتكەن. كىتابنىڭ قىممىتى قەشقەر ھېكىمبېگى ئىمام مۇھەممەدتىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ كىتابنى ئۇستا تەرجىمان، ئەدىب مۇھەممەد تۆمۈرنىڭ تەرجىمە قىلىشىنى ھاۋالە قىلىدۇ. مۇھەممەد تۆمۈر بۇ كىتابنى پارسچە تەرجىمە نۇسخىسىغا ئاساسەن 1717 — يىلى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىدۇ. تەرجىمە-

مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىشىدا ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كىتاب تەركىبىدىكى چۆچەك، مەسەللەر خەلقىمىز ئارىسىغا تېخىمۇ كۆپ تارقالدى. مۇھەممەت تۆمۈر بۇ كىتابنى ئىجادىي ئاساستا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىگە، ئۇسلۇبىغا ماسلاشتۇرۇپ تەرجىمە قىلغاچقا، كىتاب خەلقىمىزنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ۋە سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر بايلىقىغا ئايلىنىپ قالدى.

«مىڭ بىر كېچە» ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى دۇنياۋى تەسىرگە، يۈكسەك قىممەتكە ئىگە يەنە بىر تەڭداشسىز ئەسەر.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەرەب مەدەنىيىتى نوقۇل ئەرەب مىللىتىنىڭلا مەدەنىيىتى ئەمەس، بەلكى ئەرەبلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان، ئەرەب تىل-يېزىقى بىلەن يېزىلغان، ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈۋېلىنغان باشقا ئەل، باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ جۇغلانمىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەرەب ئەدەبىياتىمۇ نوقۇل ھالدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ياكى باشقا جايلاردىكى ئەرەب مىللىتىنىڭلا ئەدەبىياتى ئەمەس، بەلكى ئەرەبلەر ئۆزلەشتۈرگەن، قوبۇل قىلغان باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مىسىر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى تاھا ھۈسەيىن ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى مانا مۇشۇ خىل ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، «بىز ھىجرىيە II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغا قەدەم قويۇپلا، بۇ چاغدىكى ناھايىتى نۇرغۇن شائىرلارنىڭ ئەرەبلەر ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەرەبلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان چەت ئەللىكلەر ئىكەنلىكىنى سەزگەن ئىدۇق»⑦ دېگەن. دېمەك، سىغىمچانلىقى زور ئەرەب ئەدەبىياتى شەرق ئەللىرىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئەرەب ئەدەبىياتىنى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن بېيىتقان.

«مىڭ بىر كېچە» نىڭ ھېكايە مەنبەسى ئەرەبلەرنىڭ ئۆزىدە بار بولغان، خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان خەلق چۆچەكلىرىدىن باشقا يەنە مۇنداق ئۈچ مەنبەدىن كەلگەن: بىرىنچى مەنبەسى پارىس چۆچەكلىرى توپلىمى «مازار ئەپسانە» («مىڭ چۆچەك») بولۇپ، بۇ چۆچەكلەرنىڭ بىر قىسمى سانسكرىت تىلىدىكى قەدىمكى ھىندىستان چۆچەكلىرىنى پارىسچىغا تەرجىمە قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن. «مىڭ بىر كېچە» نىڭ ئەڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى جاھشىيال (942 — يىلى ۋاپات بولغان) مۇشۇ چۆچەكلەرنى ئاساسى گەۋدە قىلىپ، خەلق ئارىسىدىن توپلىغان چۆچەكلەر بىلەن تولۇقلاپ يېزىپ چىققان. بۇ نۇسخا كېيىنكى بېكىتىلگەن نۇسخىلار ئۈچۈن ئۈرنەك بولۇش رولىنى ئوينىغان، شۇنداقلا كېيىن مەيدانغا كەلگەن نۇسـ

خىلارنىڭ مەركىزى قىسمى بولۇپ قالغان. ئىككىنچى مەنبەسى X — XI ئەسىرلەردە ئىراقتا تۈزۈلگەن چۆچەكلەر توپلىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۈچىنچى مەنبەسى XIII XIV ئەسىرلەردە مىسىردا تارقىلىپ يۈرگەن چۆچەكلەر بولۇپ. «مىڭ بىر كېچە» مادا مۇشۇ تەركىبى قىسىملاردىن تەشكىللىنىل تاپقان. ئۇنىڭ تەركىبىدە يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەرگە تەئەللۇق بىر بىر مۇنچە چۆچەكلەرنىمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن. بۇ كىتابىتىكى چۆچەكلەر دەسلەپ خەلق ئاغزىدا تارقىلىپ يۈرۈش، كېيىنچە ئۇنى توپلاپ بىرلىككە كەلتۈرۈش، رەتلەش، ئىش قوشۇشلار ئارقىلىق ئاخىرى XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا ئاندىن «مىڭ بىر كېچە» نىڭ بىكىتىلگەن، مۇكەممەل نۇسخىسى مەيدانغا كەلدى.

«مىڭ بىر كېچە» دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى «ئەڭ داڭلىق بىر نامايەندە» بولۇپ، دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەل،ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ كىتاب ئارقا — ئارقىدىن ھەر قايسى مىللەت تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «مىڭ بىر كېچە» فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ كىتابنىڭ ياۋروپادىكى ھەر قايسى مىللەت تىللىرىدىكى تەرجىمە نۇسخىلىرى مەيدانغا كېلىپ، پۈتۈن ياۋروپانى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، ياۋروپادا «شەرققە قىزىقىش» دولقۇنىنى قوزغىغان. بۇ ئەسەر يەنە شەرقتىكى ھەر قايسى ئەل، ھەر قايسى مىللەت تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ تەسىر ۋە «قايتۇرما ئەسەر» كۆرسەتكەن. «مىڭ بىر كېچە» پۈتۈن دۇنيا خەلقى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان، ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان بىر ئەسەر بولۇپ، ئۇ پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق بايلىقىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

«مىڭ بىر كېچە» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن. مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىشى ۋە بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈدىغان مۇھىم ئامىللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەرەبلەر بىلەن بولغان كۆپ تەرەپلىمە ئالاقىسى تېخىمۇ كۈچەيدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئەرەبلەرنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىدى. «... بارا — بارا ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ دىۋان ۋەزىرلىرى، ئەمىر — سەركەردىلىرى ئوغۇز تۈركمەنلىرىدىن بولۇپ، خەلىپىلىكنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى شۇلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. خەلىپە بولسا دىنىي جەھەتتىكى داھىيلىق ئورنىنىلا ساقلاپ قالدى»⑧ «سالجۇقلار خانلىقىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىغا پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلغۇچى

تەركان خاتۇن (قاراخانىلار جەمەتىدىن بولۇپ، سۇلتان مەلىكشاھنىڭ ئايالى) مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەر، بالاساغۇن ۋە شۇنىڭدەك تۈرك يۇرتلىرىدىن باغداتقا نۇرغۇن ئۇيغۇر — قارلۇق ئالىملىرى بارغان ئىدى»⑨ ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى. ئەرەبلەر بىلەن بولغان بىۋاسىتە مۇناسىۋەت ۋە ئالاقە جەريانىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭمۇ ئۆز ئارا ئۆتۈشۈپ، تەسىر كۆرسىتىشكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. ئۇيغۇرلار ئاپىرىپ ئەرەبلەرگە تارقاتقان چۆچەكلەر ئەرەبلەرنىڭ چۆچەكلىرى بىلەن بىرلىكتە «مىڭ بىر كېچە» تەركىبىگە كىرگەن. كېيىن بۇ چۆچەكلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قايتۇرما تەسىر كۆرسەتكەن. XVIII ئەسىردە ئاقسۇلۇق ئۇستا تەرجىمان مۇھەممەت بىننى ئابدۇللاخان مەخسۇمنىڭ «مىڭ بىر كېچە» نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشى — «مىڭ بىر كېچە» چۆچەكلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلاردا بۇ تەرجىمىنىڭ كۆپەيتمە نۇسخىسى ۋە بۇ كىتابنىڭ باشقا تەرجىمە نۇسخىلىرىمۇ كۆپەيدى. خەلقىمىز «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىنى شۇنچىلىك قىزىقىپ ئوقۇيدۇ، ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ. شۇڭا بۇ ھېكايىلەرنىڭ خېلى بىر قىسمى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر بايلىقىغا ئايلىنىپ قالدى.

بۈگۈنكى كۈندە ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى ئۈچ مەشھۇر ئەسەر — «قۇرئان»، «كەلىلە ۋە دەمنە»، «مىڭ بىر كېچە» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشىر قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن خەلقىمىز بۇ ئەسەرلەر بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك بىۋاسىتە تونۇشۇشتا تېخىمۇ ياخشى پايدىلىق شارائىتقا ئېرىشتى.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى ئەدەبىي تەسىر قوبۇل قىلىش مۇتلەق بولمايدۇ، يەنى تەسىر مۇناسىۋىتىدىكى ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى پەقەت تەسىر كۆرسىتىش ۋە پەقەت تەسىر قوبۇل قىلىش مۇناسىۋىتىلا بولمايدۇ. بەلكى قىسمەنلىك مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئەرەب ئەدەبىياتىغا بەلگىلىك دەرىجىدە ئاكتىپ تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. بىراق ماقالىنىڭ مەقسىدىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ھەقتە توختالمىدۇق. دېمەكچىمەنكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەم تەسىر كۆرسىتىش ھەم تەسىرقوبۇل قىلىش مۇناسىۋىتىدۇر.

سوۋېت ئىتتىپاقى سېلىشتۇرما ئەدەبىياتشۇناسى ژېمىنسكى «ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتى سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ ئوبيېكتىدۇر» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب ئەدەبىياتى سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم تەتقىقات دائىرىسى. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى شەرق ۋە غەرب ئەلا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىرىدە ئەدەبىياتى تەرەققى قىلغان مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن تەسىر قوبۇل قىلغان ۋە ئۇلارغا تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇش چەكسىز ئىستىقباللىغا ئىگە.

1987- يىل دېكابىر. قەشقەر

ئىزاھلار :

① ، ② ، ③ ، ④ ماجىيەن «قۇرئان»نى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» «قۇرئان» (خەنزۇچە) جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1981- يىل 4- ئاي بېيجىن 1- نەشرى. 5، 6-، 7- بەتلەر.

⑤، ⑥ «ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىلى ئۈرۈمچى 1 - نەشرى 10-، 11. بەتلەر.

⑦ [مىسىر] تاھا ھۈسەيىن: «ئەرەب ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ دۇنيادىكى بىر قانچە چوڭ ئەدەبىياتلار ئىچىدىكى ئورنى» «شەرق ئەدەبىياتىدىن مەخسۇس توپلام I» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1879- يىل بېيجىن 1- نەشرى.

⑨ ئىزاھ ئۈچۈن⑤، ⑥ ئىزاھلاردىكى كىتاب، ماقالىنىڭ 8- 9- بەتلىرىگە قارالۇ.

1. «قىسقىچە چەتئەل ئەدەبىياتى» (ئاسىيا، ئافرىقا قىسمى) جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشىر قىلغان 1933- يىل نەشرى.

پايدىلانغان ئەدەبىياتلار:

1. «شەرق ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى» بېيجىن نەشرىياتى 1985 - يىل نەشرى.

3. «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى. چەتئەل ئەدەبىياتى» I ، II ، توم. ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى 1982- يىل نەشرى.

4. ئابدۇرېھىم سابىت : «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى».

5. «كەلىلە ۋە دەمنە» (خەنزۇچە) «كىرىش سۆز». خەلق ئەدەبىيات نەشرىياتى 1959 - يىل نەشرى.

6. [گېرمانىيە] ۋېندىنىز: «ھىندى ئەدەبىياتى ۋە دۇنيا ئەدەبىياتى» «بۈگۈنكى زامان غەرب ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىتىدىكى ئاساسىي ئىقىملار» خۇنەن خەلق نەشرىياتى 1987. يىل نەشرى.



AltunOq

# كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى قۇرۇق سۆزگە ئەمەس، ئەمەلىيەتكە تايىنىپ راۋاجلىنىدۇ.

غېنى ھاجى

كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى قۇرۇق سۆزگە ئەمەس، ئەمەلىيەتكە تايىنىپ راۋاجلىنىدۇ. بۇرۇن شۇنداق بولغان، ھازىرمۇ شۇنداق بولىۋاتىدۇ، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

بەزى يولداشلار: «كوممۇنىزم — ھەقىقەت، كوممۇنىزم تېخى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈلمىدى. دېمەك ھەقىقەتنىڭ ھەممىسىلا ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈشى ناتايىن، ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىنايدىغان بىردىن — بىر ئۆلچەم ئەمەس» «كوممۇنىزم قۇرۇق خىيال» دېگەن نوقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇنداق قاراشلارنىڭ ھەممىسى تولىمۇ خاتا. شۇڭا بىز ئالدى بىلەن كوممۇنىزم دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز زۆرۈر.

كوممۇنىزم دېگەن نېمە؟ ئۇ ئىككى جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، كوممۇنىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنە بىرى، كوممۇنىزم ھەرىكىتى، پارتىيىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى بولغان كوممۇنىزم دېگەندە كوممۇنىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دۆلىتىمىزدە كوممۇنىزمنى ئىجتىمائىي تۈزۈم سۈپىتىدە تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنە بىر قانچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەت تىرىشىپ كۆرەش قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. كوممۇنىستىك ھەرىكەت دېگەندە، كوممۇنىستىك ئىدىيىۋى سىستېمىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ھەرىكەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كوممۇنىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنى بەرپا قىلىش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كوممۇنىزم ھەرىكىتىنى باشتىن كۆچۈرۈش ۋە كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە تايىنىش كېرەك. كوممۇنىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈم ھەر قانداق بىر مەملىكەتتە ئاسانلا ۋۇجۇدقا كېلىدىغان ئىش ئەمەس، نۇرغۇن ئەۋلادلار قەتئىي بوشاشماي باتۇرلۇق، پىداكارلىق بىلەن جاپا—مۇشەققەتلىك كۆرەشلەرنى ئېلىپ بارماي تۇرۇپ، كوممۇنىزمنى غايىدىن رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. دەل مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، كوممۇنىزم بىر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈملا ئەمەس بەلكى بىر خىل ھەرى-

كەت، دۆلىتىمىزدە كوممۇنىزم ئىدىيىسىنىڭ تارقىلىشى، كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كوممۇنىزملىق غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىلىپ بارغان ھەرىكىتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغان ۋە يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب ئىلىپ بېرىشقا رەھبەرلىك قىلغان چاغدىلا باشلانغان ئىدى. يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە پارتىيىمىز رەھبەرلىكىدە ئىلىپ بېرىلغان كۆرەش ۋە خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى كوممۇنىزم ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىلىپ بېرىلغان. ھەممىسى كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن پارتىيىمىز ھەر قانداق سىياسىي پارتىيىگە قارىغاندا يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋەزىپىسىنى تېخىمۇ قەتئىي، تېخىمۇ ئۈزۈل—كېسىل تاماملىدى. بۇ مەزگىل ئىچىدە بىز مىلىتارىستلارنى يوقاتتۇق. مۇشتۇمزورلار بىلەن كۆرەش قىلدۇق. ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى قانلىق جەڭلەرنى ئىلىپ باردۇق، ئەكسىيەتچىل، چىرىك جاڭ جېشى خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى كوممۇنىزم ھەرىكىتىدۇر. ئەگەر بىزنىڭ كۆرىشىمىزگە كوممۇنىستىك ئىدىيە يېتەكچىلىك قىلمىغان بولسا، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابتىن سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا ئۆتۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن سۆز ئېچىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئۈزۈل—كېسىل غەلىبىسىنىمۇ قولغا كەلتۈرگىلى بولمايتتى. دۇنيا دائىرىسىدىن ئىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ھەرىكەت 130نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە. كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلغانلىقى، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى، كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ ئالامىتى. «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» نىڭ بىرىنچى جۈملىسىدىلا ئاساسى مەقسەت ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. «بىر ۋەھىمە، كوممۇنىزم ۋەھىمىسى ياۋروپادا ئارىلاپ يۈرۈپتۇ. كونا ياۋروپانىڭ ھەممە كۈچلىرى— پاپا ۋە چار پادىشا، مېتتېرنىخ ۋە گىزو، فرانسىيە رادىكاللىرى ۋە گېرمانىيە ساقچىلىرى بۇ ۋەھىمىنى قوغلىۋېتىش ئۈچۈن مۇقەددەس ئىتتىپاق تۈزۈشتى.» («ماركس—ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» ئۇيغۇرچە نەشرى 26-بەت) ماركس بىلەن ئېنگېلس بۇ يەردە دەۋاتقان ياۋروپادىكى بارلىق ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى قاتتىق قورقۇنچتا سالغان «ۋەھىمە» دەل كوممۇنىزم ھەرىكىتىدۇر. كوممۇنىستىك ئىدىيىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70—يىللىرىدا فرانسىيىدە پارىژ كوممۇنىسى بارلىققا كەلدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رۇسىيىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى بولۇپ بەردى. ئۇلار كوممۇنىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنى يولغا قويالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە كوممۇنىزم ھەرىكىتى ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان كوممۇنىزم ھەرىكىتى مەملىكىتىمىزدە تېخىمۇ جۇش ئۇرۇپ، ئالغا قاراپ راۋاجلاندى. ھازىر بىز يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدۇق. پارتىيىمىز، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىپ بېرىپ، دۆلىتىمىزنى يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەت ۋە يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتكە ئىگە قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا رەھبەرلىك قىلىۋاتىدۇ. بۇ، پارتىيىمىز قۇرۇلغاندىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان كۆلىمى غايەت زور، ئەھمىيىتى چوڭقۇر بولغان كوممۇنىزم ھەرىكىتىدۇر. دېمەك كوممۇنىزملىق ئىدىيە ۋە كوممۇنىزمنىڭ ئەمەلىيىتى بۇرۇنلا بىزنىڭ رېئال تۇرمۇشىمىزدا مەۋجۇت ئىدى. بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىز كوممۇنىزمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كوممۇنىزمدىن ئايرىلالمايدۇ. بىز شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشلار كوممۇنىزمنىڭ ئۇزاق نىشانى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. بىزنىڭ پارتىيىمىز —كوممۇنىستىك پارتىيە، ياشلار ئىتتىپاقى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ياش ئەۋلادلار كوممۇنىزمنىڭ ئىز باسارلىرى، دامىدىنلا مەلۇمكى، ئۇلار كوممۇنىزم ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ. پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى شۇنچە كۆپ قەھرىمان، نەمۇنىچىلار ئىنقىلابى غايە ئۈچۈن قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلدى. مىڭلىغان—ئونمىڭلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلار "ياشىسۇن كوممۇنىزم" دېگەن شۇئارنى توۋلاپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قۇربان قىلدى. نىمە ئۈچۈن؟ پۇل، نام ئورۇن ئۈچۈنمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار ئەڭ ئاخىردا كوممۇنىزمدىن ئىبارەت گۈزەل غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى كۆزدە تۇتقان. ئۇلار شۇنى بىلگەنكى، شەخسىيەتچىلىك قىلىش، شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن باشقىلارغا زىيان سېلىش، تەييارتاپلىق، راھەتپەرەسلىك، پارازىتلارچە كۈن ئۆتكۈزۈش، كېيىپ - ساپاغا بېرىلىشتەك پەسكەشلىكلەر ئەڭ يىرگىنىچلىك، تارىخ ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىنىڭ توغرىلىقىنى ئاللاقاچان يەكۈنلىدى. پۈتۈن مەملىكەت ئازات بولۇشتىن ئىلگىرى بىز كوممۇنىزم ئىدىيىسىگە تايىنىپ ياپون جاھانگىرلىكى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇق. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدۇق. بۈگۈنكى كۈندە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش، مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كوممۇنىزم ئىدىيىسىگە تايىنىمىز. كوممۇنىزم ئىدىيىسى بولمىسا ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ تۈنۈگۈنى، بۈگۈنى، كەلگۈسىمۇ بولمايدۇ. ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ بارلىقى بولمايدۇ. بىر مىليارت خەلقىمىزنىڭ پارلاق ئۈمىدى ۋە بەختىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا "كوممۇنىزم—ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتمىگەن" "قۇرۇق خىيال" دېگەن قاراشلارنىڭ ھەممىسى تۈپتىن خاتا. بىز يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە ئېلىپ بارغان بارلىق كۈرەشلەر كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ ئۇلۇق ئەھمىيىتى ئەمەسمۇ؟ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن بىز شۇغۇللانغان سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمۇ كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ ئۇلۇق ئەھمىيىتى ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، كوممۇنىزمدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ھەقىقەت مەملىكىتىمىزدىمۇ ئۇزاق مۇددەتلىك تارى—

خى ئەمەلىيەتتىنلىك سىناقتىن بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىسپاتلاندى، بۈگۈنكى كۈندە ھەر بىرىمىز ئۇنى ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزدا ھېس قىلالىماقتىمىز. كەلگۈسىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمگە كەلسەك، بىز ئۇنى تېخى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ كۆرمىدۇق، ماركس ئېنگېلس ئۆز ۋاقتىدا كوممۇنىزم جەمئىيىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۆتكەن ئىدى. بۇ تەسەۋۋۇرلارنىڭ توغرىلىقى زادى قانچىلىك دەرىجىگە يەتكەنلىكى، بولۇپمۇ ئۇنى، ئۇلار تەسەۋۋۇر قىلغان يول ۋە ئۇسۇل بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولۇش— بولماسلىقىنى يەنە ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. يۇقىرىدىكى خاتا نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويغان يولداشلار يالغۇز مۇشۇ نۇقتىنىلا كۆزدە تۇتقان ئەمەس. ئۇلار كوممۇنىزمنىڭ بىر ئەمەلىيەت جەريانى ئىكەنلىكىنى تۈپتىن ئىنكار قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار كوممۇنىزم بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ ئايرىلماس مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. بىزنىڭ بىلەن بىزنىڭ بۇرۇن ئېلىپ بارغان ۋە ھازىر ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنقىلابىي كۆرەشلىرىمىزنىڭ كوممۇنىزمنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنى پەقەت بىر قۇپ—قۇرۇق نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

پارتىيىمىز رەھبەرلىك قىلغان كوممۇنىزم ھەرىكىتى بىر نەچچە تارىخىي باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى. ھازىر بىز شۇغۇللىنىۋاتقان كوممۇنىزم ھەرىكىتى ئومۇمىي مەنىدىكى كوممۇنىزم ھەرىكىتى بولماستىن بەلكى كوممۇنىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولغان سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى كوممۇنىزم ھەرىكىتى، ئەمما بەزى كىشىلەر قانداقتۇر، سوتسىيالىزم باسقۇچىدا كوممۇنىزمنى تەشەببۇس قىلىش، كوممۇنىستىك ئىدىيە ۋە ئەخلاق توغرىسىدىكى تەشۋىق تەربىيىنى كۈچەيتىش، «تارىخىي باسقۇچتىن ھالقىپ كەتكەنلىك بولىدۇ» ئۇ «ئەمگەككە قاراپ تەخسىم قىلىش سىياسىتىگە زىت كېلىدۇ». دېيىشتى بۇنداق نۇقتىئىنەزەر ۋە كۆز قاراش پۈتۈنلەي خاتا. بىز يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە بارلىق خىزمەتلەرگە كوممۇنىستىك ئىدىيە سىستېمىسى ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇردۇق. «جان دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش»، «ئادىل، خالىس بولۇش» «قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەي، باشقىلارنىڭلا مەنپەئەتىنى كۆزلەش» تىن ئىبارەت كوممۇنىستىك روھنى تەشەببۇس قىلدۇق. ھازىر كوممۇنىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولغان سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە نېمە ئۈچۈن كوممۇنىستىك ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىشقا بولمايدىكەن؟. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەقسىماتتا «ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ھەركىمگە ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش» پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش كېرەك. بىز چوقۇم بۇ پىرىنسىپنى

ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز كېرەك. ھەمدە تەڭ تەقسىماتچىلىققا قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. ئەمما بۇ پرىنسىپنى يولغا قويۇش خەلق ئاممىسى ئىچىدە كوممۇنىستىك ئەمگەك پوزىتسىيىسىنى تەشۋىق قىلىشنى چەتكە قاقمايدۇ. بەلكى بۇ پرىنسىپنى يولغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئامما ئىچىدە كوممۇنىستىك ئەمگەك پوزىتسىيىسىنى ھەقسىز ئەمگەك قىلىش، ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەي، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش روھىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز كېرەك. ئەمەلىيەتتە پارتىيە ئىچىدىمۇ—سىرتىدىمۇ ھەممە ۋاقىت، ھەممە جايدا مۇنداق يۈكسەك ئەمگەك بىلەن قىزغۇنلىنىپ كېلىۋاتقان ئادەملەر بار. بىر مۇنچە كوممۇنىستلار، بىر مۇنچە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار شەخسلەر ھەر كۈنى، ھەر ئايدا ئەشۇنداق ئالىي جاناپ كوممۇنىستىك ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. ئويلاپ بېقىڭلارچۇ، ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ، باشقىلارنى قۇتقۇلدۇرۇشتەك ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى بولۇپمۇ ۋەتەننى قوغداش،خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال—مۈلكىنى قوغداش يولىدا ئۆزىنىڭ بەختىنى قۇربان قىلغان ھەتتا ئۆز ھاياتىنى بېغىشلىغان ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىنى «ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش »پرىنسىپى بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولامدۇ؟ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش بىلەن كوممۇنىستىك ئەمگەك پوزىتسىيىسىنى تەشەببۇس قىلىش، بىر—بىرىگە زىت ئەمەس. ئۇلار بىر—بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە بىربىرىگە ماسلىشىدۇ. كوممۇنىستىك ئەمگەك پوزىتسىيىسىنى تەشەببۇس قىلىش، ھەر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى كوممۇنىستىك ئەخلاق ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش — «ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش» تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا توسقۇن بولمايلا قالماستىن بەلكى ئۇلار ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان تولۇقلىما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سان-ساناقسىز پاكىتلار شۇنى بىلدۈرىدىكى، قەيەردە كوممۇنىستىك تەربىيە كۈچەيتىلگەن بولسا، شۇ يەردە «ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش» پرىنسىپى ئوبدان ئىجرا قىلىنغان، كىشىلەرنىڭ ئەمگەكتىكى ئاكتىپلىقىمۇ ئۈستۈن بولغان. ئۇلار قىيىنچىلىقنى ئۆزىگە قالدۇرۇپ، قولايلىقنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن. قەيەردە كوممۇنىستىك ئىدىيە تەربىيىسى تاشلاپ قويۇلغان ياكى ئاجىزلاپ قالغان بولسا شۇ يەردە ھەممىدە پۇلغا كۆز تىكىش خاھىشى پەيدا بولۇپ، «ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش»— «ھەققە قاراپ ئىشلەش» كە ئايلىنىپ قالغان. ھەممە ئىشتا يېيىش—يېمەسلىكچە ھېسابلىشىدىغان، سەرلەپ —مىسقاللاپ ئولتۇرىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلگەن. ئىنتىزام بوشۇشۇپ،كەتكەن.چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ۋە ھۆكۈمەتسىزلىك يامراپ كەتكەن. بۇلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، سوتسىيالىزم باسقۇچىدا كوممۇنىزمنى تەشەببۇس قىلىش— «تارىخىي باسقۇچتىن ھالقىپ كەتكەنلىك» بولىدۇ. ئۇ «ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش» سىياسىتىگە زىت كېلىدۇ دېگەن قاراشلارنىڭ ھەممىسى تۈپتىن خاتا.



AltunOq

# « ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى » پروگراممىسى ※

ئىككىنچى پاراگراف: ئۇرخۇن ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىنىڭ مەزمۇنى ئىزاھلىق تونۇشتۇرۇلۇشى

1. كولتېكىن مەڭگۈ تېشى، كۈلتېكىن تارىخىي شەخس، كۈلتېكىننىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى، مەڭگۈ تاشنىڭ بېكىتىلىشى، يوللۇق تېكىن، كۈلتېكىن مەڭگۈ تېشىنىڭ ئىزاھلىق مەزمۇنى.

2. تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى، تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشىنىڭ بېكىتىلىشى ۋە ئىزاھلىق مەزمۇنى.

3. ماگىلىئات بېلگە قاغان مەڭگۈ تېشى، مەڭگۈ تاشنىڭ بېكىتىلىشى. ئىزاھلىق مەزمۇنى.

4. كۈلچۇر مەڭگۈ تېشى ۋە ئۇنىڭ ئىزاھلىق مەزمۇنى.

5. مويۇنچۇر — تارىخىي شەخس، مويۇنچۇر ۋە ئىنىگۈ بېكىن (مەلىكە) مويۇنچۇرنىڭ تارىخىي خاراكتېرىستىكىسى — مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشىنىڭ بېكىتىلىشى ۋە ئىزاھلىق مەزمۇنى.

6. باشقا مەڭگۈ تاشلارنىڭ تارىخىي ئىزاھى ۋە مەزمۇن تەپسىلاتى.

ئۈچۈنچى پاراگراف: ئۇرخۇن ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىنىڭ بەدىئىي يادىكارلىقلىرى ۋە قىممىتى

1. ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا بايان قىلىنىش ۋە تەسۋىرلەش ۋاستىلىرى، ئۇلارنىڭ مىساللىرى.

2. ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا تارىخىي چىنلىق، مەنىۋى ياخشىلىق ۋە بەدىئىي گۈزەللىك مەسىلىلىرى، شېئىرىي، نەسرىي ۋە رىتورىك ئالامەتلەر.

3. ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا پىكىر ۋە تەۋسىيە، ئېتنىك ۋە فولكلور مەسىلىلىرى.

## باب III

## يەنسەي — تالاس ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى

بىرىنچى پاراگراف: يەنسەي تالاس ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

1. يەنسەي — تالاس مەڭگۈ تاشلىرى چۈشەنچىسى، يەنسەي — تالاس مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ يېزىلىشى ۋە تېپىلىش تارىخى.

2. يەنسەي — تالاس مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ تىلى ۋە يېزىقى، تەتقىق قىلىنىش ئەھمىيىتى ۋە تارىخى.

ئىككىنچى پاراگراف: يەنسەي ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى

※ بېشى ئۆتكەن ساندا

ئۈچىنچى پاراگراف: تالاس ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى

يەنسەي تالاس ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى ۋە قىممىتى

## IV بۆلۈم

## ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

### I باب

### ئىدىقۇت خانلىقى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت دەۋرى

بىرىنچى پاراگراف: ئىدىقۇت دەۋرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى.

1. تۇرپان ئويمانلىقىدا ئەڭ قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىي ھاياتى، چېشى (گۇسى) ۋە ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ ئېتنىك ئالاھىدىلىكلىرى، قەدىمكى قاراقوجۇ ۋە يارغول شەھەر مەدەنىيىتى ۋە ھۈنەر سەنئىتى، ئاستانە ۋە ئايدىڭكۆل مەدەنىي يادىكارلىقلىرىدا قەدىمكى مەدەنىي ھايات، تۇرپاندا مەتبەچىلىك.

2. پانتېكىن باشچىلىقىدا تۇرپان دىيارىغا كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇرلار، «كۆچ-مۆچ» ۋە بېكەتمەن توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر.

3. ئىدىقۇت خانلىقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى، ئىدىقۇتتا بۇددا، مانى ۋە خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئۇيغۇرلار، بىنورەكلىك، سىڭگىم ئېغىرى، مۇرتۇق، يارغول ئېھرانلىرىدا سەنئەت ۋە ئىدىئولوگىيە.

4. ۋاڭيەندى «ئىدىقۇتتا ئەلچىلىك خاتىرىلىرى» ناملىق كىتابىدا، مەھمۇت قەشقەرى «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە، يىلى چۇسەي ئۆز نەزمىلىرىدە، جۇۋەينى «تاۋارىخىي جاھان كۈشاي» ناملىق ئەسىرىدە ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى توغرىسىدا؛ ئىدىقۇت ۋە خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ دىنىي ھەمكارلىقلىرى.

ئىككىنچى پاراگراف: بارچۇق ئارت تېكىن تەزكىرىسى ۋە مەڭگۈ تېشى.

1. بارچۇق ئارت تېكىن تەزكىرىسى(يېڭى يۈەن نامە») ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى.

2. بارچۇق ئارت تېكىن مەڭگۈ تېشى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى.

3. ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ چىڭگىزخان ئىستىلاسى دەۋرىدىكى مەدەنىي تۇرمۇشى، چىڭگىزخان قىزلىرى تۇرپاندا، ئىدىقۇت قىزلىرى خارەزمدە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە زىيالىيلىرىنىڭ چىڭگىزخان ھاكىمىيىتى سىستېمىسىدا تۇتقان ئورنى ۋە ئۇيغۇر تىلى— ئەدەبىياتىدىكى ئۇيغۇرىزم دەۋرىنىڭ باشلىنىشى،

ئۈچىنچى پاراگراف: «تۇرپان تېكىستلىرى» ۋە تۇرپانشۇناسلىق مەسىلىلىرى

1. تۇرپان تېكىستلىرى» نىڭ تېپىلىشى، ئېلىپ كېتىلىشى ۋە ئېكوك، رىشات ھېكمەتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاتارلىقلار تەرىپىدىن نەشىر قىلىنىشى.

2. «تۇرپان تېكىستلىرى» نىڭ ئاساسىي كاتالوگلىرى.

3. چەتئەل شەرقشۇناسلىرىنىڭ تۇرپان تېكىستلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتى «تۇرپان تېكىستلىرى» ئىدىقۇت خانلىقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم مەنبەيى.

## II باب

## ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم يادىكارلىقلىرى

بىرىنچى پاراگراف: «ئىككى تېكىن ھېكايىسى»

1. ھېكايىنىڭ تېپىلىشى، تىلى ۋە بەدىئىي قىممىتى.
2. ھېكايىنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىك مەزمۇنى ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇنى

ئىككىنچى پاراگراف: «ياغاچچى بىلەن رەسسام ھېكايىسى»

1. ھېكايىنىڭ تېپىلىشى، تىلى ۋە ھېكايىنىڭ تېماتىك قىممىتى.
2. ھېكايىنىڭ ۋەقەلىك مەزمۇنى ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇنى.
3. ھېكايىنىڭ بەدىئىي تەسۋىرلەش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى.

ئۈچىنچى پاراگراف: «ئىرق پۈتۈك»

1. نەسرىي ئەسەرنىڭ تېپىلىشى، تىلى ۋە ژانىر خاراكتېرى.
2. ئەسەردىكى تەبىئەت كۆز قاراشلىرى ۋە بەدىئىي تەسۋىر ئالامەتلىرى.
3. «ئىرق پۈتۈك» نىڭ ئېتنىك قىممىتى ۋە ئەنئەنىۋى ئىپادىلىرى.

## III باب

## ئىدىقۇت دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي نامايەندىلىرى

بىرىنچى پاراگراف: ئاپرىنچۇر تېكىن ۋە ئۇنىڭ شېئىرىيەت سەنئىتى

1. ئاپرىنچۇر تېكىن — مەشھۇر ئىدىقۇت دەۋرى ئۇيغۇر شائىرى.
2. ئاپرىنچۇر تېكىننىڭ «ئىلاھىيە» ۋە «سۆيگۈ» ناملىق شېئىرى، شېئىرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە شېئىردىكى ئىدىيىۋى پىكىر.
3. ئاپرىنچۇر تېكىن شېئىرىيىتىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، شېئىرىي تىلى، شېئىرىي ئاھاڭدارلىقى، قوشۇغ (قەسىدە)، قوشما (قوشاق)، تاقشۇت (بېيىت) شەكىللىرى، شائىرنىڭ باش قاپىيە ۋە ئاياغ قاپىيە جەھەتتىكى تۆھپىلىرى.

(داۋامى كەلگۈسى ساندا)

# بىزنىڭ ئالىملىرىمىز

فىلولوگىيە پەنلىرى پروفېسسورى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن



حورى سوداۋ (ياپونىيە) فوتوسى



شەرەپ

تۆھپە



نۇرباي فوتوسى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com




مۇھەممەت تۇرسۇن فوتوسى


# قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ژۇرنىلى

## 喀什师范学院学报

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ژۇرنىلى
تەھرىر بۆلۈمى نەشىر قىلدى
شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى
يېزا ئىگىلىك 1- دىۋىزىيە مەتبەئەسىدە بېسىلدى

نومۇرى: CN65 - 1014/z    باھاسى: 0.60 تەڭگە


AltunOq